1.سان

ئۇيغۇر ۋاتساپ ژورنلى

دىنىمىز ئىسلام،مىللىتىمىز ئۇيغۇر ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستان!

2018

1.ئىسلام، سىياسەت ۋە دېموكراتىيە

2.ئىسلام دىنىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ ياكى دىنىنىڭ ھۆكۈملىرى زامانغا بېقىپ ئۆزگىرەمدۇ؟

3.ئىسلامدا جىهات ئۇقۇمى

ئۇيغۇر ۋاتساپ ژورنلى

مەسئۇل مۇھەررىرى:ئۇدۇنئوغلى

ۋاتساپتا تارقتىلىدىغان بۇ ژورنالدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرنىڭ جاۋاپكارلىقى ماقالە ئاپتۇرىغا مەنسۇپ.

ماقالە ئەۋەتىش ۋە ھەقاندىاق پىكىر تەكلىپ ئۇچۇن بىز بىلەن ئالاقىلىشىڭ!

ئالاقە ئېلخەت ئادرېسىمىز: itaturkestan@gmail.com

مۇندەرىجە

ئىسلامسىياسەت ۋە دېموكراتىيە..4
ئىسلام دىننى زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ ياكى دىننىڭ ھۆكۈملىرى زامانغا بېقىپ ئۆزگىرەمدۇ؟.........................9
ئىسلامدا دىن ۋە دۆلەت مۇناسىۋىتىگە قىسقىچە نەزەر..11
ئەركىنلىككە تەلپۈنگەن بىر ئىرلاندىيەلىكنىڭ ئەينى چاغدىكى يۈرەك سۆزى..14
مۇستەقىللىق بىزدىن قانچىلىك يىراقتا...16
مۇستەقىللىق ھەركىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى...23
مىللى مۇستەقىللىق ئۇيغۇرلارغا قانچىلىك ئۇزاقتا؟ 26
ئىسلامدا جىھات ئۇقۇمى...32
دۇنيا نېمىشقا ئاجىزلار يولۇقىقان ئادالەتسىزلىك ۋە زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىدۇ؟.......................................34

ئىسلام، سىياسەت ۋە دېموكراتىيە

تۈركىيەنىڭ سابىق دىيانەت ئىشلىرى رەئىسى پروفېسسور دوكتۇر ئېلى بارداقئوغلى

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:يۇلغۇن

كۈنىمىز مۇسۇلمانلىرى دىن بىلەن دۆلەت ۋە سىياسەت ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرۈش كېرەكلىكى، دىنىنىڭ ھاكىمىيەت ساھەسىدە قانداق رول ئوينايدىغانلىقى ھەققىدە بىر – بىرىدىن پەرقلىق ئاشقۇن چۈشەنچىلەرگە ئىگە. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدىكى چۈشەنچىسىدە مۇجمەللىك مەۋجۇت بولۇپ، ئىزدىنىش ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ ئەھۋالنىڭ مەۋجۇت ۋەزىيەتنىڭ تەبىئى نەتىجىسى ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. ئۆتكەن بىر ئەسىر مۇستەقىللىق كۆرەشلىرى، تۈزۈم ۋە ئىدىئولوگىيەلەر غەۋغاسى بىلەن ئۆتتى. بۇ جەرياندا دېموكراتىيە ۋە ھۆرلۈك شاملى ئىسلام دۇنياسىغا چوڭ تەسىرى كۆرسىتىپ، ھارارەتلىك مۇنازىرە تېمىسى سۈپىتىدە دىنى مۇنازىرىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. مۇستەبىت چۈشەنچە ۋە تۈزۈملەردىن زېرىككەن، ئۇلارغا قارشى كۆرەش قىلغان بىر دۇنيادا دېموكراتىيە ۋە ھۆرلۈك چۈشەنچىسى تەشنالىق ۋە ئۈمۈتنى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن ئىسلام دۇنياسى ئۈچۈن ئابىھاياتقا ئايلاندى. بۇ چۈشەنچىلەر بىر قىسىم كىشىلەردە سۇئاللار پەيدا قىلىسمۇ، ئەمما مۇتلەق كۆپ سانلىق بارغانسېرى كۈچلۈك ئىشتىياق بىلەن دېموكراتىيە ۋە ھۆرلۈككە چامىنىڭ يېتىشىچە قۇچاق ئاچتى. چۈنكى مەۋجۇت ۋەزىيەتكە كۆرە دېموكراتىيە ۋە ھۆرلۈك مۇھىتىنىڭ مۇسۇلمان شەخس ۋە خەلق ئۈچۈن ئەۋزەللىكتىن دىرەك بېرىدۇ دەپ قارالدى. بۇ قاراش خاتامۇ ئەمەس ئىدى. لېكىن ئىجتىمائىي ئىلىملەر بىزگە كۆپ تەرەپلىمە ئويلىنىشنى، باشقا تاللاشلارنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقنى، سەۋەپلەرنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ قويۇشنىڭ كۆپىنچە خاتا ئىكەنلىكىنى، بىردىن كۆپ نۇقتىغا نەزەر تاشلاشنى ئۆگەتتىدۇ. ئىسلام دۇنياسى بۈگۈن دېموكراتىيە ۋە ھۆرلۈكنى ھېسسىي ئاتمۇسفېرا ئىچىدە

ئۆيدە مېھمان قىلماقچى بولىۋاتىدۇ ۋە كېلىپ چىققۇسى مەسىلىلەرنى بۇ مالىمانچىلىق ئىچىدە بوغۇق ئاۋازدا مۇنازىرە قىلىشماقتا.

ئوچۇق قىلىپ ئېيتساق، ئەنئەنىۋى ئىسلامى ئىلىملەر ئوتتۇرىغا قويغان تەلىماتلارغا سادىق قالغان مۇددەتچە، ئىسلام خەلقلىرى ئىچىدە غەرپچە دېموكراتىيەنىڭ بىخ تارتىشى، دېموكراتىيەنىڭ ۋازكەچكىلى بولمايدىغان شەرتى بولغان ئەركىنلىكنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ ئالدىدا ناھايىتى چوڭ توسالغۇلار بار. بولۇپمۇ مىڭ يىل ئىلگىرىكى مۇسۇلمان خەلقلەر ئىچىدىكى تارىخى تەجرىبە ۋە بۇ تەجرىبىگە ماس ھالدا شەكىللەنگەن « ئەل-ئەھكامۇس-سۇلتانىييە »، « ئەس-سىياسەتۇش-شەرئىييە »، «ئەل-ئىمامە ۋەس-سىياسە»گە ئوخشاش تېمىلار ئاستىدا ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئىسلامى سىياسەت نەزىرىيىسىنى، يەنى دىنى مەدەنىيەتنىڭ مەلۇم تارىخى باسقۇچى ئۆز پېتى ساقلاپ قېلىنغان ئەھۋال ئاستىدا بۇ مۇمكىن ئەمەس. دېموكراتىيە بىردىنبىر ئۆلچەم ۋە قىممەت – قاراش ئەمەس. ئۇ، جەمئىيەتنى باشقۇرۇشتىكى ۋاستە بولۇپ، نامۇۋاپىق مېتودلارنى كۆرۈپ ۋە باشتىن ئۆتكۈزۈپ، پەرقلىق ئۇسلۇپلار ئىچىدىن ئىنسانلار تاللاپ چىققان بىر يولدۇر، خالاس.

سۆزىمىزگە قايتساق، ئىسلامىيەت تەۋسىيە قىلغان بىر سىياسەت لاھىيەسى يوق بولۇپ، دېموكراتىيەنى تەشەببۇس قىلغان، بۇيرىغان ۋەياكى رەت قىلمىغان. شۇنداقلا پادىشاھلىق تۈزۈمنى تەرغىب قىلىش ياكى رەت قىلىش ئىسلامنىڭ تېمىسى ئەمەس. ئىسلامىيەت ئالەمشۇمۇل دىن بولۇپ، ئۇ ھەرقانداق بىر سىياسي تۈزۈمنى تاڭمايدۇ ياكى تەرغىپ قىلمايدۇ. سىزنىڭ كىنەزلىك ياكى ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان سۇلتانلىق بىلەن باشقۇرۇلۇپ – باشقۇرۇلمىغانلىقىڭىز، سەھرالىق بىر كىشىنىڭ شەھەردە ھۆكۈمەتكە باشلىق بولۇشى، ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىنىڭ بولۇش – بولماسلىقى دىنى نۇقتىدىن ناھايىتى كىچىك مەسىلە بولۇپ، ئۇنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى يوق. دىنى نۇقتىدىن مۇھىم بولغان مەسىلە « ئادالەت » ۋە ئادالەتنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشىدۇر. مۇھىم بولغان مەسىلە توغرىلىقنىڭ، ھەققانىيەتنىڭ ھاكىم ئورۇندا تۇرۇشى، زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىقنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقىدۇر. بۇنى كىم ۋۇجۇتقا چىقىرالىسا، ئىسلام ئۇنى ئالقىشلايدۇ، كىم بۇنىڭ ئەكسىنى قىلسا ئىسلام ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ. ئىسلامىيەت سىياسەتنىڭ، كۈندىلىك ھاياتنىڭ، خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭمۇ ئۈستىدە تۇرىدىغان بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى پەللىدە تۇرۇپ رەھبەرلىك قىلىدۇ، بۇ ساھەلەرگە بىۋاستە ئارلاشمايدۇ. مانا بۇ سەۋەپتىن ئىسلام مەيلى ئافرىقىدىكى مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئاساسەن باشقۇرۇلىۋاتقان قەبىلىلەر بولسۇن ۋەياكى زامانىۋى باشقۇرۇش تۈزۈمى بىلەن ئىدارە قىلىنىۋاتقان خەلقلەر بولسۇن ھەممىسىگە ئورتاق خىتاپ قىلىدۇ.

ئىسلام دىنى كىشىلەرگە شەھەر ياكى يېزا تۇرمۇشى، جەمئىيەتتىكى كەسىپ ياكى ئىش تەقسىماتى، مۇھىت ۋە قۇرۇلۇش شەكلى، ئىقتىسادىي ھايات ئۆلچىمى بەلگىلەپ بەرمىگەنىدەك مۇئەييەن سىياسى لاھىيەنىمۇ تاڭمايدۇ. بۇنىڭغا ئىنسانلار ئەقىل ۋە شەرت – شارائىت، ئىلىم

ۋە مەدەنىيتى دائىرىسىدە ئۆزلىرى قارار چىقىرىدۇ. چۈنكى بۇلار ئۆزگىرىۋاتقان بولۇپ، ئەقلى ساھەگە تەۋە مەسىلىلەردۇر. ئىنسانلار ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ ئىلىم ۋە مەدەنىيتى ئاساسىدا ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى تاپىدۇ. ئەمما بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە، ھەقىقەت، ھەققانىيەت ۋە قانۇن ئالدىدا باراۋەرلىكنىڭ بەرپا قىلىنىشىدۇر. ئىنسانلارنىڭ بۇنى قانداق شەكىلدە ۋە قانداق ۋاستە بىلەن ۋۇجۇتقا چىقىرىدىغانلىقى مۇھىم ئەمەس.

تېمىغا قايتىپ كەلسەك، ئىسلامى ئىلىملەرنىڭ ئەنئەنىۋى پەردىسى نېمە ئۈچۈن يېتەرلىك دەرىجىدە دىموكراتىيە ۋە ئەركىنلىككە يول قويمايدۇ؟ بۇ سوئال ئۈستىدە بىرئاز توختىلىش كېرەك. ئەنئەنىۋى دىنى ئىلىملەرنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنى، ھاكىمىيەت ساھەسىگە مۇناسىۋەتلىك قائىدە – پرىنسىپلىرى ۋە تەشەببۇسلىرى ئاباسىي خەلىپىلىكى مەزگىلىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، ئوتتۇرىغا قويغان شەكىل ۋە بېكىتكەن قانۇن – مىزانلار سەلتەنەت ۋە پادىشاھلىقتىن باشقا ھاكىمىيەت شەكلى مەۋجۇت بولمىغان شۇ دەۋرنىڭ سىياسەت مەدەنىيتى ئۈستىگە تۇرغۇزۇلغان ۋە شۇ ئاساستا ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ ناھايىتى نورمال ئەھۋال. ئۇ ئىلىملەرنى كۈنىمىز دۇنياسىغا ئىسلامى باشقۇرۇش ئۇسلۇبى دەپ تونۇشتۇرۇش تەبئىي بولمىغان ناتوغرا قاراشتىن ئىبارەتتۇر.

تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ ئېيتساق، ئىسلام ئىلاھىيەت ساھەسىدىكى ئىلىملەرنىڭ كىلاسسىك دەۋردە ھاسىل قىلغان شەكلى - فىقھ ئىلىملەرنى مەركەزگە ئالغان ھالدا ئېيتىشقا توغرا كەلسە، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى كىملىكلىرى ھۆكۈمدار بولۇشتىكى ئاساسلىق ئامىل بولغان، دار (دۆلەت) ئۇقۇمى دىنى مەنسۇبىيەتنى ئاساس قىلغان، ھەق ۋە ھۆرلۈكلەر بۇ دائىرە ئىچىدە بەلگىلەنگەن دەۋردە شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ دەۋردىن كېيىنكى مەزگىللەردە كىلاسسىك ئەسەرلەر ئاساسەن دېگۈدەك تەلىم – تەربىيە ساھەسىدە ئوقۇشلۇق بولۇپ كەلدى. كۈنىمىزدە بۇ شەكىلدە تەلىم – تەربىيە ئالغان ۋە يېڭى دەۋرنىڭ رېئاللىقىدىن، ئۇقۇم ۋە چۈشەنچە دۇنياسىدىن بەكلا يىراقتا تۇرۇپ تەپەككۇر قىلىدىغان دىنى ئالىملارنىڭ كىلاسسىك تەلىماتلارغا سادىق قالغانلىقتىن، بۇ ئەسىرنىڭ ئىنسانلىرىغا دىنى ئەنئەنە نامىدىن بىرەر چىقىش يولى كۆرسىتىپ بېرىشتە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. كۈنىمىزدە ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىسلامنىڭ ئېتىقات ۋە ئىبادەت ساھەسىدە ئىككىلەنمەستىن ۋەز ئېيتالىغان بىلەن، كىشىلىك ھوقوق، ھەق ۋە ئەركىنلىك، دىموكراتىيە، ئاز سانلىقنىڭ ھوقۇقى، ئىقتىساد، ئاۋامنىڭ ھەق – ھوقۇقى، جازا قانۇنى، تىجارەت، ئائىلە (نىكاھ، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش)گە ئوخشاش كۆپلىگەن يېڭى مەسىلىلەردە ھەم ئىچكى دۇنياسىدا ھەم ۋەزلىرىدە بىر خىللىقتا ئىگە بولالماسلىقى ۋە ئۆتمۈش دەۋرنىڭ ۋەزلىرىنى تەكرارلاپ تۇرۇشى ئەسلىدە بۇلارنىڭ شەخسىي كەمچىلىك بولۇشتىن زىيادە، چۈشەنچە ۋە ئۇسلۇبتا كۆرۈلگەن مەسىلىنىڭ تەبئىي نەتىجىسىدۇر.

كىلاسسىك ئىسلام ئۆلىمالىرىدىكى سىياسەت نەزەرىيىسى، شۇ دەۋردىكى ئالىملارنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ سىياسەت تەجرىبىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىلىملەرنى دىنى دەلىللەردىكى ئومۇمىي پرىنسىپلار بىلەن بىرلەشتۈرۈشى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان. بۇنىڭدا شۈبھىسىزكى، ئۆز دەۋرىنىڭ سىياسەت مەدەنىيىتى ئېغىر سالماقنى ئىگىلەيدۇ ۋە بۇ سەۋەپتىن بۇ ئاساستا ئىلمىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بۈگۈنكى دۇنياغا سىياسەت، دىموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكلەر ساھەسىدە ئىسلام نامىدىن بۇ كونا ئىلىملەر بىلەن خىتاپ قىلىسىڭىز، خۇددى ئىنسانلارنى ھۆر – قۇل ، ۋەتەنداشلىقنى مۇسۇلمان – زىممى (ھىمايە ئاستىدىكى غەيرى مۇسلىم) دەپ ئايرىغان بولىسىز. كۆنمىزدە نە قۇل، نە دېدەك قالغان بولۇپ، كىشىلىك ھوقۇق ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ. بىز بۈگۈن بۇ نۇقتىغا كەلدۇق. ئەگەر قۇللۇق تۈزۈمى داۋام قىلىشۋاتقان بولسا، ئۇنىڭغا جانابى ئاللاھ كۆرسەتكەن ئىنسانىي ئەخلاق بەلگىلىمىلىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىسىز. ئەمەلدىن قالغان قۇللۇق تۈزۈمنى پەقەت ئۇ ئىلىملەر بىكار بولۇپ كەتمىسۇن دەپ قايتىدىن ئىجات قىلىشنىڭ؛ ھۆر – قۇل، مۇسۇلمان – زىممى دەپ ئايرىش شەكلىگە مەھكۇم بولۇپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. مۇئامىلىدە شەكىللەر ئەمەس، بەلكى ئەخلاق ۋە ھەققانىيەت مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ خۇددى كىشىلەرنىڭ خوشنىدارچىلىق، تىجارەت، ئائىلە ئىچى مۇناسىۋەتلىرىگە ئوخشايدۇ. بۇ سەۋەپتىن دىنى ئىلىملەرنىڭ كىلاسسىك قۇرۇلمىسى ئاساسىدا دىموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك ساھەسىدە سۆز قىلاي دېسىڭىز، بۇ مەسىلە ئۈستىدە ناھايىتى كۆپ ئۆگىنىشىڭىزگە، چۈشەنچە شەكىللەندۈرۈشىڭىزگە، مەسىلىنىڭ ئارقا كۆرۈنىشىنى تېپىپ ھۆكۈم ۋە بەلگىلىمىلەرنىڭ مەقسەتلىرى ھەققىدە ئىزدىنىشىڭىز، يېڭى نەزەرىيە ۋە ئىلىم جۇغلانمىسى ھاسىل قىلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. بۈگۈن ئىسلام دۇنياسى بۇنى قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن دىموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك مەسىلىسىدە ئالدى – ئارقىسىغا دەسسەپ ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. بەزىدە دىموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقوق مەسىلىسىدە « ئەڭ ياخشىسى بىزدە بار » دەپ ئەنئەنىدىن تاللانما ئۆرنەكلەر تىزىپ ئۆتۈلىدۇ ۋەياكى قۇرئاننىڭ « شۇرا ۋە كېڭەش » پرىنسىپى « چاغداش دىموكراتىيە » ئەمرىگە ئايلىنىدۇ. بەزىدە ئەركىنلىك ۋە دىموكراتىيەنىڭ يېنىغا يېقىنمۇ كەلمەيدىغان دىكتاتۇر ۋە مۇستەبىت تۈزۈم دىن نامىدىن ھىمايە قىلىنىدۇ، سىياسى ھۆكۈمدارلار دىننى يېنىغا ئېلىپ مۇستەبىتلىككە ئېغىپ كېتىدۇ.

دىموكراتىيە ئەلۋەتتە سۈلھى ئۇسلۇبى بولۇپ، جەمئىيەتنى باشقۇرۇش ۋاستىسىدۇر. ئۇ قىممەت قاراش ئەمەس، ئۇنى دىن دېگىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. 1215 – يىلىدىكى ماگنا كارتا (Manga Carta)دىن باشلاپ دىموكراتىيەنىڭ غەرپتە ئۆزگە خاس ئۆتمۈشى بار بولۇپ، بۇ يولدا سانسىز بەدەل تۆلەندى ۋە نەتىجىدە مۇئەييەن دىموكراتىيە مەدەنىيىتى شەكىللەندى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە يۈز بەرگەن تىراگىدىيىدىن كېيىن دىموكراتىيەدە ئوخشاشماسلىقلارغا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، تىنچلىق ۋە سۈلھ قىلىش ئامىلى كۈچەيدى. شۇنداقتىمۇ نەتىجە ئېتىبارى بىلەن دىموكراتىيە غەرپ مەدەنىيىتى ۋە تارىخى بىلەن زىچ كىرىشىپ كەتكەن ئۇقۇمدۇر. ئىسلام دۇنياسىدا دىنى چۈشەنچە زامانىۋى دەۋردە ئۆزىنى

يېڭىلىيەلمىگەن، دىندارلىق چۈشەنچىسى شەكىل ۋە قاتتىق ئەنئەنە ئىچىدە سىقىشىپ قالغان مۇددەتچە، كۆنمىز ئىسلام ئەللىرى پرىنسىپ جەھەتتىن دېموكراتىيەگە قارشى چىقمىسىمۇ، نۇرغۇن ئالاھىدە ئەھۋال ۋە « ئەمما »لىرى بولغان دېموكراتىيىگە رۇخسەت قىلالايدۇ، خالاس. بۇ شەرتلەر ئومۇمەن ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك مەسىلىسىگە مەركەزلەشكەنلىكى ئۈچۈن، غەرپ دېموكراتىيە مەدەنىيىتىنىڭ بۇ يېڭى ھالىتىنى « شەرتلىك دېموكراتىيە » دەپ ئاتاشمۇ ئانچە مۇمكىن ئەمەس. غەرپ دېموكراتىيەلىرىنىڭ، بولۇپمۇ تەدبىقلاشتا كۆرۈلگەن مەسىلە ۋە زىتلىقلىرى، مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن « تولۇق دېموكراتىيەنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى » نەزىرىيىسى ياكى « دېموكراتىيە رەددىيەسى » دەپ چۈشىنىلگەنلىكتىن، ئىسلام ئەللىرىدە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتماقتا.

ئۇنىڭدىن باشقا، يولغا قويۇلىدىغان « ئىسلامى دېموكراتىيە ۋە سىياسەت » لاھىيەسىنىڭ ئوبراز نۇقتىسىدىن قىينچىلىقتا دۇچ كېلىشى تەبىئىي. چۈنكى مۇنداق بىر سىياسەتنىڭ ئىسلام دۇنياسىدا، دېموكراتىيەنىڭ ئاساسلىق ئۇقۇملىرى جەھەتتە ئىشەنچ بېرىدىغان، تەرەققىيات يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئۆتمۈشى يوق. ئىسلامنىڭ زامانىۋى دەۋرىدە دىنى چۈشەنچە ئىجتىمائىي ھاياتتا ئۆزىنى يېڭىلاشنىڭ ئورنىغا، ئۆتمۈش ئەسىرلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى تەجرىبە ۋە مەدەنىيىتىنى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا بىر تالالاش سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن كۇپايىلەنمەكتە. بۇ سەۋەپتىن جەمئىيەتنى باشقۇرۇشتا دىنىنىڭ قايسى پرىنسىپىنىڭ قانداق چۈشىنىلىدىغانلىقى، دېموكراتىيەنىڭ تەقەززاسى بىلەن توقۇنۇش كۆرۈلگەندە قايسىسىغا يول قويۇش كېرەكلىكى، ھەق ۋە ئەركىنلىك دائىرىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئوبيېكتىپ ۋە پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىنغان يول ۋە مىتود كۆرىنەرلىك دەرىجىدە ئېنىق ئەمەس. ھالبۇكى، دېموكراتىيەنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشتىكى ئەسلى سەۋەپ بۇ مۇجمەللىككە خاتىمە بېرىش، قانۇننىڭ ئۈستۈن بولۇشى، باراۋەرلىك، ئوچۇق – ئاشكارە بولۇش ۋە ئىشەنچكە تايانغان باشقۇرۇش تۈزۈمىگە ئۆتۈش چۈشەنچىسى ئىدى. مۇشۇنداق بولغاندا دىننى ئاساس قىلغان دېموكراتىيەدە غەرپ دېموكراتىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئۇل سالغان چۈشەنچىنىڭ ئەسلى مۇرادىغا يېتىشى ناھايىتى تەس. ھەتتا جەمئىيەتنى باشقۇرغۇچىنىڭ دىنى تۇيغۇلىرى ۋە تاللىشىغا ماس ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان دېموكراتىيەنىڭ، ئومۇم تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان پرىنسىپلىرىنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتىشى ۋە كۈچلىنىشى ئۇياقتا تۇرسۇن، « شەخسكە خاس دېموكراتىيە »گە ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمايدۇ. بۇ ئەھۋال ئاساسەن – كاتېگورىيە نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتساق – ئىسلام ئۈچۈن ئاجىزلىق ياكى زىتلىق ئەمەس. ھەتتا ئىسلامنىڭ قىممەت – قاراشلىرى ئەمەلدىن قالمىغان مۇددەتچە ئىسلامنىڭ مەسىلىسىمۇ بولالمايدۇ. ئوتتۇرىدا بىر مەسىلە مەۋجۇت بولغان بولسا، بۇ ئىسلامنىڭ كەڭ دائىرىلىك تېكىستىنى ۋە ئالەمشۇمۇل تەلىماتىنى ناھايىتى تار دائىرە ئىچىدە تۈزۈم ۋە لاھىيە بىلەن زىچ گىرەلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا مەھكۇم قىلىپ قويۇشتىن كېلىپ چىقماقتا.

ئىسلام دىنىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ ياكى دىنىنىڭ ھۆكۈملىرى زامانغا بېقىپ ئۆزگىرەمدۇ؟

ھېپىتاخۇن مەمتىمىن

زانامىۋىلاشتۇرۇش ئاتالغۇسى بىز ئۇيغۇرلاغا نىسبەتەن تونۇشلۇق بىر شۇئار.خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ« تۆتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك» دېگەن يېقىمسىز چاقىرىقلىرىنى كۆپ ئاڭلاپ قولىقىمىز گاس بولۇپ كەتكىلى تاس قالغان ئىدى، مېنىڭ توختالماقچى بولغىنىم دۇنياغا ئالاقىدار مەسىلە ئەمەس.

زامانىۋىلاشتۇرۇش دېگەنىدە ماددى دۇنيامىزغا مۇناسىۋەتلىك پەن-تېخنىكىدىكى يېڭىلىق،ئىلغارلىق،تەرەققىيات كۆزدە تۇتۇلىدۇ.بىلىمدە،كەشپىياتتا يېڭىلىق يارىتىپ مىللەتكە ۋە ئىنسانىيەتكەتۆھپە قوشۇش ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ ئورۇنداشقا تېگىشلىك ئەقەللى ئىنسانى ۋەزىپىسى.ئەمما مېنىڭ توختالماقچى بولغىنىم«دىنىمىزنىڭ ھۆكۈملىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا بولامدۇ؟» دېگەن سۇئالنى چۆرىدىگەن ھالدا بەزى ئاشقۇن قاراشلارغا رەددىيە بەرمەكچىمەن:ئىسلام دىنى تاكى تۇنجى ئىنسان نەسلى بولغان ئادەم ئاتىنىڭ يەريۈزىگە چۈشكەن ۋاختىدا باشلانغانلىقى قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە قايتا-قايتا تەكىتلىنىدۇ.ئىسلام دېمەك ئىنساننىڭ ياراتقۇچىسىغا بويسۇنۇشى دېمەك،ئىسلام دېمەك ياراتقۇچىنىڭ ۋەھيي ئارقىلىق بېكىتكەن تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلغان ھالدا ياشاش دېمەك.ئىسلام دېمەك تېنچلىق دېمەك.

زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن ماددى شەيئىلەر ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ،دۇنيا تەرەققى قىلىدۇ،بۇ ياراتقۇچى ئاللاھ ئورۇنلاشتۇرغان ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت،ئەمما كائىنات ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممىنىڭ ئىگىسى ۋە پەرۋىشكارى بولغان ئاللاھنىڭ يوليورۇق ۋە چەكلىملىرى ۋە بىزگە ئۈلگىلىك رول ئوينايدىغان پەيغەمبەرلەرنىڭ داغدام يولى تا قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە.مەسىلەن،سەمىمى بولۇش،ئاقكۆڭۈل بولۇش،كۈندە بەشۋاي ناماز ئۆتەش،رامىزان ئېيىدا بىرئاي روزا تۇتۇش،ھالال يولدىن رىزقىنى ئىزدەپ ئىشلەش،ئادىل بولۇش،زۇلۇمغا قەتئى قارشى تۇرۇش، رەھىمدىل بولۇش،يېتىم-يېسىز ۋە يوقسۇللارغا زاكات ۋە سەدىقە ئارقىلىق يا-يۆلەكتە بولۇش،كۈچى يەتسە ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىش، ئاياللارنىڭ ئورۇنۇشى ۋە شەرمى ھايا ئىچىدە ياشىشى قاتارلىق ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرى، بىگۇناھ ئادەم ئۆلتۈرمەسلىك،ناھەقچىلىك قىلماسلىق،ئاجىزلارنى بوزەك قىلماسلىق،ھارام يېمەسلىك،باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋالماسلىق،چوشقا گۆشى يېمەسلىك،قېرىندىشىنىڭ يامان گېپىنى قىلىش ئارقىلىق گۆشىنى يېمەسلىك،ئاللاھتىن غەيرىگە چوقۇنماسلىق،ھاراق ئىچمەسلىك،زىنا-پاھىشە قىلماسلىق،بىراۋنىڭ ھەققىنى يەۋالماسلىق،بىھۇدە ئىشلار بىلەن ۋاقىت ئىسراپ قىلماسلىق،قارا نىيەتتە بولماسلىق،باشقىلارغا بوھتان چاپلىماسلىق قاتارلىق چەكلىمىلەر تاكى قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە بولۇپ بۇ ھۆكۈملەر دەۋر ۋە ماكاننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ.ئەينى چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەككە-

مەدىنىدە نازىل بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرى يەرشارىدىكى ھەممە كىشى ۋە ھەممە جايدا ئوخشاش كۈچكە ئىگە.

مەككىدە ياشىغۇچى بىر مۇسۇلمان بىلەن ۋاشىنگتوندا ياشىغۇچى بىر مۇسۇلماننىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتى ئوخشاش بولۇپ ھەممە ئىنساغا ئوخشاش پۇرسەت بېرىلگەن. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا دىننىڭ ھېچقانداق ھۆكمىنى زامانغا ماسلاشتۇرىمەن دەپ ئاۋارە بولۇش ھاماقەتلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.ئوغۇرلۇق قىلىش،زىنا قىلىش مەككىدىمۇ،غەرپ ئەللىرىدىمۇ ئوخشاش ھارام بولغىنىدەك باشقا ھۆكۈم ۋە چەكلىمىلەرمۇ بەئەينى شۇنداق.

قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن دىندا زورلىش يوق،بۇ دېگەنلىك ئىنسانلارنى زورلۇق-زومبۇرلۇق ئىشلىتىپ مۇسۇلمان قىلىشتىن تارتىپ قانداقلا بىر دىنى ئەھكامنى بىراۋغا تېڭىشنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.تارىختىن بۇيان ئىسلامنى قوللىغۇچىلار بولغىنىدەك قارشى چىققۇچىلارمۇ بولۇپ كەلگەن،بۇ تەبىئى قانۇنىيەت ھەم شۇنداقلا يامان غەرەزدە دىننى بورمىلاشقا ئورۇنىدىغانلار،دىننىڭ بەزى ھۆكۈملىرىنى قوبۇل قىلىپ بەزى ھۆكۈملىرىنى رەت قىلغۇچىلارمۇ ئىزچىل چىقىپ كەلگەن. بۇنداقلارنىڭ كۆتەرگەن شۇئارلىرى ، توۋلىغان چوقانلىرى «ئىسلامنىڭ ئىلىم-پەنگە قارشى ئىكەنلىكى،زامانغا ماس كەلمەيدىغانلىقى» قاتارلىقلار بولغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز.ئەملىيەتتە بولسا قۇرئان كەرىمنىڭ دەل ئەكسىچە ئىلىم – مەرىپەتكە ئۈندەيدىغانلىقى بىر رېئاللىق.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە فورمۇلا شەكلى بىلەن ئورناتقان ئەھكاملىرىغا قىياس يولى بىلەن يېڭى مەسىلىلەرنى چۈشۈنۈشنى ئىسلام پىقھە ئاتالغۇسىدا« قىياس» دەپ ئىسىم بېرىلگەن، شۇڭا قىياس يولى بىلەن چىقىرىلغان ھۆكۈملەر دەۋرىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگەرگەن بولسىمۇ فورمۇل تاكى قىيامەتكىچە ئۆزگەرمەيدۇ.بۇ مەنادا دىننى زامانىۋىلاشتۇرىمەن دىيىش قارا نىيەتلىكتۇر

ئىسلامدا دىن ۋە دۆلەت مۇناسىۋىتىگە قىسقىچە نەزەر

يۇلغۇن

كۈنىمىزدە دىن نېمە؟ ھايات نېمە؟ دىن بىلەن ھايات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قانداق بولۇشى كېرەك؟ قاتارلىق مەسىلىلەرنى تېخى ئۆز زېھنىدە ئايدىڭلاشتۇرالمىغانلارنىڭ « ئىسلام دۆلىتى »، « شەرىئەت دۆلىتى » قۇرۇش چۇقانلىرى پات – پات ئاڭلىنىپ تۇرماقتا.

قۇرئانى كەرىمگە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىجرائاتلىرىغا دىققەت بىلەن نەزەر تاشلىغان ۋاقتىمىزدا، ھاكىمىيەت مەسىلىسىدە بىر تۈزۈمنى مۇئەييەنلەشتۈرمەي ئىنسانلارنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغانلىقىنى، دىنىنىڭ مەقسىتىنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇشتىن زىيادە ئۆلگىلىك ئىنسان تەربىيىلەپ چىقىش، ئەقلىنى ئاكتىپ ئىشلىتىدىغان كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش 1، ئىنسانلارنى تىنچلىققا دەۋەت قىلىش2 ، تىنچ مەملىكەت قۇرۇپ چىقىش 3، كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەتنى بەرپا قىلىش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش4 ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئىشلاردا بەسلىشىش5 ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز .

قۇرئان، دۆلەت ياكى ھاكىمىيەت تۈزۈمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە توختالمايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ھاكىمىيەت ياكى سىياسىي كۈچ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئالەمشۇمۇل پىرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھۆكۈمدارلارنى مەزكۇر پىرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىشقا چاقىرىدۇ. قۇرئانى كەرىم ھاكىمىيەت نوقتىسىدىن شۇرا (كېڭەش)6 ، لاياقەت7 ۋە ئادالەتتىن8 ئىبارەت ئۈچ پىرىنسىپنى مەركىزى ئورۇنغا قويىدۇ. كىشى ياشاۋاتقان دەۋردە بىردەك قوبۇل قىلىنغان تۈزۈم مەيلى پادىشاھلىق بولسۇن ياكى بەگلىك بولسۇن ۋەياكى جۇمھۇرىيەت بولسۇن، قايسى تۈزۈم بىلەن ئىدارە قىلىنىشتىن قەتئىينەزەر ھاكىمىيەت بۇ ئۈچ پىرىنسىپقا ئەمەل قىلىشى، ئاللاھ ھارام قىلغاننى ھارام، ھالال قىلغاننى ھالال قىلىشى لازىم. ئىسلامدا جان9 ۋە مال بىخەتەرلىكى 10، ئىززەت ئابرۇيىنىڭ ھىمايە قىلىنىشى11 ، نەسەپ پاكلىقىنىڭ قوغدىلىشى12 ۋە پىكىر ئەركىنلىكى13 مۇقەددەس بولۇپ، شەرىئەت مانا بۇ ئانا تېمىلار ئاساسىدا بەلگىلەنگەن.

دىن ئىنسانلارنىڭ تاللىشى بولۇپ، كىشى مىللىي خاسلىقى بىلەن دىنغا مەنسۇپ بولالايدۇ. دىنىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق پىرىنسىپلىرىغا زىت كەلمەيدىغان ئۆرپ – ئادەت، يەنى مىللىي كىملىك كىشىنىڭ دىنىغا توسالغۇ بولمايدۇ .

ئافرىقىدا قەبىلە تۈزۈمى ئاستىدا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن قەبىلە تۈزۈمىنى تاشلاپ دېموكراتىك تۈزۈمگە ئۆتۈشى ياكى دېموكراتىك تۈزۈمدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى بىلەن سۇلتانلىق ۋەياكى خەلىپىلىك تۈزۈمگە ئۆتۈشى شەرت ئەمەس .

ھەزرىتى داۋۇت ۋە سۇلايمان، كەھف سۈرىسىدە تىلغا ئېلىنغان زۇلقەرنەيىن بىر پادىشاھ ئىدى. لېكىن ئۇلارغا

سەلتەنەت ئەمەس، ئەكسىچە ئىلىم ۋە ھېكمەت بىرلىگەنلىكى تەكىتلەنگەنىدى14 . ھەزرىتى نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا ۋە ھارۇن، زەكەرىيا، يەھيا، ئىسا، ھەزرىتى مۇھەممەد قاتارلىق نەبىلەر پادىشاھ ئەمەس، ئەكسىچە خەلقنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەر ئىدى15.

دۆلەت – مۇئەييەن تېررىتورىيە ئىچىدە بىر ھۆكۈمەت ياكى ھاكىمىيەت ئاستىدا ئورتاق قانۇنلارغا بويسۇنغا ھالدا ياشايدىغان بىر ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مىللەتتىن ۋۇجۇتقا كەلگەن سىياسىي ئىتتىپاق بولۇپ16 ، دۆلەت ۋەزىپىسىنى ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق بولغان ئورگانلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ 17. دۆلەت ئورگانلىرى مەزكۇر تېررىتورىيەدە ياشىغان كىشىلەر تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان مەۋھۇم قۇرۇلمىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلغۇچىلار دۆلەت ۋاستىسىلىرىدا ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە بۇ ۋاستىنى ئەقىدىسى ياكى چۈشەنچىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ .

ئۇقۇم جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۆلەتنىڭ دىنى بولمايدۇ، ئەكسىچە ئىنسانلارنىڭ دىنى بولىدۇ. دۆلەت ئىنسانلارغا ئوخشاش دىن مەنسۇپلىرى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلمايدۇ. ئۆزىمىزگە تونۇشلۇق بولغان ئىسلام دىنىنى مىسالغا ئالساق، دۆلەت ئىسلامدا بۇيرۇلغان ناماز، روزا، زاكات، ھەج، قۇربانلىق ... دېگەنگە ئوخشاش ئاساسلىق ئىبادەتلەرنى ئادا قىلالمايدۇ. دىن ئىنسانلارغا خاس بولۇپ، دىندار ياكى دىنسىز ئىنسان بولىدۇ، دىندار ياكى دىنسىز دۆلەت بولمايدۇ. دۆلەتنىڭ ئىنسانلارغا ئوخشاش ئاخىرەت ئەندىشىسى بولمايدۇ. دۆلەت نۇرى ئاستىدا ئىنسانلارنى قاراڭغۇلۇقلاردىن يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقىشى، ئانا چۈملىگە18 ئوخشاش پۇقرالىرىنى خەتەردىن ساقلىشى لازىم .

قاچانكى ئىنسانلار دۆلەتتىن ئىبارەت ھۆكۈمرانلىق ۋاستىسىنى ئۆزىنىڭ ئەقىدە ياكى چۈشەنچىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا باشلىسا، ئەنە شۇ ۋاقتتىن باشلاپ جەمئىيەتتە بىئاراملىق پەيدا بولۇپ، توقۇنۇش قايىنمىغا غەرق بولىدۇ. چۈنكى ئىنسانلار ئەقىدىسى ئۈچۈن جان بېرىدۇ، قان تۆكىدۇ، ئەڭ قەبىھ زۇلۇملارنى قىلالايدۇ. ئىنسان مۇئەييەن ئەقىدە، چۈشەنچە ياكى ئىدىئولوگىيە ئارقىسىغا سىغىنماي تۇرۇپ، ئۆز تۇردىشىغا رەھىمسىزلىك بىلەن زۇلۇم قىلالمايدۇ. بۇ سەۋەپتىن دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسى تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى پۇقرالارنىڭ جان - مال بىخەتەرلىكىنى ئىچكى ۋە تاشقى خەۋپلەردىن قوغداش، ھەرقايسى چۈشەنچە ۋە ئېقىملارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، پۇقرالارنىڭ پاراۋانلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، تەرەپۋازلىقتىن خالىي ھالدا پۇقرالارغا ئادىل بولۇپ خىزمەت قىلىش بولۇشى، دۆلەت « نۇر »ى مەزكۇر ئەلدىكى پۈتۈن كىشىلەرگە ئوخشاش دەرىجىدە چۈشۈشى كېرەك. ئەكسى تەقدىردە، دۆلەتنىڭ مەجبۇرلىشى ئاستىدا قوبۇل قىلىنغان ھەر تۈرلۈك ئىدىئولوگىيە، ئەقىدە ئىككى يۈزلىمچى ئىنسانلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ، پۇرسەت تېپىلسىلا كىشىنى مەزكۇر ھاكىمىيەتكە قارشى ھەرىكەت قىلدۇرىدۇ. مانا بۇ سەۋەپتىن ئىسلام دىنى ئەقىدىنى تاللاشنى شەخسنىڭ ئىختىيارلىقىغا تاپشۇرغان بولۇپ، ھەرقانداق كۈچنىڭ كىشىنى ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن دىنغا مەجبۇرلاشنى قاتتىق رەت قىلىدۇ 19. قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ ئىنساننىڭ ئەقىدىسىگە، چۈشەنچىسىگە بېسىم قىلىشنى « پىتنە » دەپ ئاتايدۇ، ئۇنى ئىنساننى ئۆلتۈرۈشتىنمۇ ئېغىر گۇناھ دەپ تەرىپلەپ 20، يەر يۈزىدە پىتنە قالمىغىچە ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرىيدۇ 21. چۈنكى ئىنسان ھۆر چۈشەنچىسى ۋە ئەقىدىسى بىلەن ئۆز مەۋجۇتلىقىنى ئايان قىلىدۇ .

قۇرئانى كەرىم ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ۋە ئەخلاقنىڭ ھىمايە قىلىنىشى ئۈچۈن رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئۆزگەرمەس ئاساسلىق ئەخلاقى پىرىنسىپلارنى كۆرسىتىپ بەرگەن. دۆلەتنى باشقۇرۇش، ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قانۇن – تۈزۈملەرنىڭ بەلگىلىنىشىنى شەرق ۋە غەرپنى پەتىھ قىلغان زۇلقەرنەيىن مىسالى ئارقىلىق بەرگەن بولۇپ، ئۇ قانۇن – تۈزۈملەردىن مۇستەھكەم سېپىل سوقۇپ، قانۇن – تۈزۈمسىز ياشاپ جەمئىيەتتە بۇزغۇنچىلىق قىلغان يەجۈج – مەجۈجنى قانۇن – تۈزۈملەرگە مەھكۇم قىلغانىدى22 . مانا بۇ سەۋەپتىن ئىسلام دۇنياسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش قامۇسى دەپ ئاتالغان « قۇتاغۇبىلىك »، نىزامۇلمۇلكنىڭ « سىياسەتنامە »گە ئوخشاش ئەسەرلەر قەلەمگە ئېلىنغان. ئاللاھ

پەرقلىق دەۋر ۋە شارائىتلاردا ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەرگە جاۋاپ تېپىشنى ئىنسانىيەت تەجرىبىسىگە ۋە ئەقلىگە تاپشۇرغان بولۇپ23، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆرۈشلاردا تۇتقان يولى بۇنىڭ جانلىق مىسالىدۇر. بۇ سەۋەپتىن ئىسلامدا مۇجتەھىدلەر ۋە پەتىۋالار مەۋجۇت بولۇپ كەلدى .

ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ روھىغا ماس كەلمەيدىغان؛ دىننىڭ ئاساسلىق قىممەت – قاراشلىرى ئاساسىدا كىشىنى ئۆز دەۋرىنىڭ كىشىسى قىلالمايدىغان، ئۆز دەۋرىگە يات، ھەتتا دۈشمەن قىلىپ قويىدىغان چۈشەنچىلەر ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بوھراننى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىۋېتىدۇ. مانا بۇ سەۋەپتىن دىن توقۇنۇش پەيدا قىلىشنىڭ مەنبەسى ئەمەس، ئەكسىچە كىرزىسلارنى ھەل قىلىشنىڭ، پەرقلىق چۈشەنچىدىكى كىشىلەرنىڭ بىر يەردە بىرلىكتە ياشىشىنىڭ كاپالىتى بولۇشى كېرەك 24 .

ئۆز دەۋرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىدە ئەقىدىسى سەۋەپلىك زۇلۇمغا ئۇچراپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلدى. مەدىنىگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا چوڭ سىياسي كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەن ئىسلام جامائىتىنىڭ مەدىنە ۋە ئەتراپىدىكى پەرقلىق ئەقىدىدىكى كىشلەر ۋە مىللەتلەر بىلەن 47 ماددىلىق مەدىنە بېتىمى ئىمزالىغانىدى. بۇ بېتىمدىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستۈن كۈچ بولۇش سۈپىتى بىلەن پەرقلىق ئەقىدىدىكى كىشىلەرگە دىنىنى مەجبۇرلاشنىڭ ئورنىغا ئۇلار بىلەن باراۋەرلىك، يۇرتداشلىقتىن ئىبارەت قىممەت – قاراش ئاساسىدا بىرلىك ھاسىل قىلىشتا تىرىشقانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. مانا بۇ مەدىنە ۋەسىقىسى دىن ۋە دۆلەت مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا كۈنىمىزدىكى كىشىلەرگە يول كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىزھاتلار:

1زۇمەر، 18 – ئايەت.
2بەقەرە، 208 ـ ئايەت .
3نەھل، 112 ـ ئايەت .
4نەھل، 89 – ئايەت.
5مائىدە، 48 – ئايەت.
6ئالئىمران، 159؛ شۇئەرا، 38– ئايەت .
7نسا، 58 – ئايەت .
8مائىدە، 42 – ئايەت .
9 مائىدە، 32 – ئايەت .
10 بەقەرە، 188؛ نسا، 29 – ئايەت .
11نۇر، 4، 23 – ئايەتلەر؛ نسا، 20، 112 – ئايەتلەر.
12 ئىسرا، 32 – ئايەت.
13 بەقەرە، 217، 256 – ئايەتلەر.
14 كەھف، 96 – ئايەت. ئەنبىيا، 79؛ نەمل، 15 – ئايەت .
15 فۇرقان، 7 – 8 – ئايەتلەر.
16 تۈرك ئانسكلوپېدىسى، XIII، 153.
17 لىپسون، سىياسەت بىلىملىرىنىڭ ئاساسلىق مەسىلىلىرى، 470 – بەت .
18 نەمل، 18 – ئايەت، 32ـ35 – ئايەتلەر.
19 بەقەرە، 256؛ ئەنئەم، 107؛ يۇنۇس، 99؛ غاشىيە، 22 – ئايەت .
20 بەقەرە، 217 – ئايەت.
21بەقەرە، 193؛ ئەنفال، 39؛ كەھف، 86 – 88 – ئايەتلەر.

22كەھف، 93 – 97 – ئايەتلەر.
23بەقەرە، 134، 141 – ئايەتلەر.
24يۇنۇس، 99؛ مۇمتەھىنە، 8 – 9 – ئايەتلەر.

ئەركىنلىككە تەلپۈنگەن بىر ئىرلاندىيەلىكنىڭ ئەينى چاغدىكى يۈرەك سۆزى

خانىملار، ئەپەندىلەر!

كۈچلۈكلەر ئاقىۋەت ئاجىزلارنىڭ قولىدا ھالاك بولىدۇ ، سىلەر ئاجىز مىللەتلەرنىڭ روھى دۇنياسىدىكى غەلىياننى چۈشەنمەيسىلەر. بەلكى چۈشىنىشنى خالىمايسىلەر. سىلەرنى چۈشىنىشكە مەجبۇرلايدىغان رادىكال بىر كۈچ ئوتتۇرىغا چىقمىغۇچە، ئۆزۈڭلار خان، ئۆزۈڭلار بەگ دەۋىر سۈرىسىلەر. سىلەر ئىرلاندىيە تۇپرىقىنى گويا ئەنگلىيىدىن كۆچۈرۈپ كەلگەندەك خالىغانچە ئىدارە قىلىسىلەر، دەپسەندە قىلىسىلەر. ئۆزۈڭلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچىگە، دىپلوماتىيە كۈچىگە تايىنىپ بىزنى يەپ تۈگەتمەكچى بولىسىلەر. ئەگەر بىز تەقدىرگە تەن بەرسەك، يەنى ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقىنى مۇتلەقلەشتۈرۈپ، قۇۋۋىتىڭلارغا تەسلىم بولساق، قارشىلىقلىرىمىزدىن ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە ۋاز كەچسەك، بىزنى ھەقىقەتەنمۇ مۈشۈك بالىسىنى يىگەندەك يەپ تاشلايسىلەر. بىراق، بۇ ئاقىۋەت ئىرلادىيىلىكلەردە مىللىي ئىرادە پۈتۈنلەي ئۆلگەندە ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۈگۈن بۇ ۋەتەندە ئاجىز بولسىمۇ، تارقاق بولسىمۇ، ئاز بولسىمۇ مۇستەقىل ئىرلاندىيە دۆلىتى ئۈچۈن قان تۆكۈپ كۈرەش قىلىۋاتقانلار مەۋجۇد. كۈرەش ئىرادىسىدىن ئايرىلمىغان مىللەت ھامان بىر كۈنى دۈشمىنى ئۈستىدىن غالىپ كېلىدۇ .

سىلەر مېنى تېررورىست ئاتاپ تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان 60 – يىللىرى مەن ئەسلا تېررورىست ئەمەس ئىدىم. "ئەركىن ئىرلاندىيە تەشكىلاتى"مۇ تەررورىستىك تەشكىلات ئەمەس ئىدى. تېررورىزىم ئاجىزلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قورالى.   مەن ئۇ چاغلاردا تېررورىزىمنىڭ ئىرلاندىيىلىكلەرنىڭ قولىدا قالغان ۋە كېرەككە كېلىدىغان بىردىن بىر قورال ئىكەنلىكىنى تېخى بىلىشكە ئۈلگۈرمىگەن ئىدىم. "ئەركىن ئىرلاندىيە تەشكىلاتى" ئىچىدە رادىكال كۈچلەرگە

قاربغاندا، تېنچلىق پەرۋەرلەر ئاساسىي ئېقىمنى ئىگىلەيتى. بىرلىرى ئىرلاندىيىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا ۋە ئاپتونومىيىلىك قانۇنلارغا تايىنىپ ھەق – ھوقۇقىمىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك، دىسە، بىرلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مىزانلىرىغا تايىنىپ تۇرۇپ ئىرلاندىيىنىڭ تەقدىرىنى تېنچ ھەل قىلىش كېرەك، دەيتى. يەنە بىرلىرى قوپۇپ، خەلقارا ئىنسان ھەقلىرىنى ھىمايە قىلغۇچى تەشكىلاتلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ جامائەت پىكرى ئارقىلىق بىرىتانىيە ئىمپىرىيىسىگە بېسىم ئىشلىتىپ، مۇستەقىللىق ۋىسالىمىزغا يېتىشىمىز كېرەك دەيتى. مەن بۇ تەشكىلاتتا بەش يىل ئاكتىپ خىزمەت ئىشلەش جەريانىدا، تېنچلىق يولىنى تاللىۋالغان بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىزنىڭ مەدەنىي ئىنقىلاپلىرىدىن بىرەر نەتىجە ھاسىل بولغانلىقىنى كۆرمىدىم. ئۇلارنىڭ تايانماقچى بولغانلىرى بەلكىم 3000 –يىللاردا ھەممەت كۆرستەلەيدىغان سەۋىيە ۋە كۈچكە ئېرىشەلەيدىغان ئورگانلار بولسا كېرەك. 20 – ئەسىر، 21 – ئەسىرلەر كاستىيۇم، بۇرۇلكا بىلەن ئىنقىلاپ قىلىش دەۋرى ئەسلا ئەمەسكەن .

خانىملار، ئەپەندىلەر،

دادام كاناي راكىغا گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كېتىشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

_ئوغلۇم، مەن سېنىڭ نىمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىڭدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئەمەس. سەن ئەركىن ئىرلاندىيە ئۈچۈن كۈرەش قىلىش يولىنى تاللاپسەن. ئەسلىدە سەن، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان ياش – قورامىدىكى بىر بالىسەن. تېخى ئەمدىلا 20 گە كىرگەن ئىدىڭ. جان بىلەن ئويىنشىدىغان بۇ يولدىن سېنى توسۇپ قېلىشقا ۋىجدانىم ئۇنىمىدى. ماڭا ئوخشاش پۈتۈن ئۆمرىنى مۆئمىن قۇلدەك شۈكرى – قانائەت بىلەن ئۆتكۈزگەن نامرات بىر ئىنسان بولۇپ خارلىق ئىچىدە ياشاشتىن، ۋەتىنى ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلغان بىر قەھرىمان بولۇپ ئۆلۈپ كېتىش ئەلۋەتتە شەرەپلىك. ئىرلاندىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ھەممە ئاتا – ئانا خالايدۇ. ئەمما بۇ يولدا بەدەل تۆلىگۈچىنىڭ ئۆز پەرزەنتى بولۇشىنى كۆپ ئاتا -ئانىلار خالىمايدۇ. ئاتا – ئانا ئۈچۈن پەرزەنت ئەنە شۇنداق قەدىرلىك. بىراق، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقىنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى تارتىۋاتقان ئازاپ – ئوقۇبەتلىرى كۈندە مىڭ قېتىم كۆزىگە تىقىپ تۇرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ ياشايدىغان غۇرۇرى يەنچىلگەن ئاتا – ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ تېخىمۇ غۇرۇرسىز، تېخىمۇ بەختسىز بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىمدا، ئۆزۈمنى ئۇ سەپكە قوشقۇم كەلمىدى. مەن سەندىن رازى. ۋەتەن ئۈچۈن ئۆلۈش نەقەدەر ئېپتىخارلىق – ھە؟

دادامنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەنلىكىم هاياتىمدىكى ئەڭ زور بايلىقتا، مەدەتكە ئېرىشكەنلىكىم بولدى. ئولتۇرسا – قوپسا « ئېنگىلىزلارغا قارشى تۇرۇپ پايدا ئالغىلى بولمايدۇ. ئېنگىلىزلار هازىر دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك قەۋمنىڭ بىرى. ئەسكىرى قۇۋۋەت، مالىيە قۇۋۋىتىدە تەڭداشسىز بىر خەلق. ئەخمەق ئادەملا تۇخۇمنى تاشقا ئۇرىدۇ» دەيدىغان دادام بىلەن سەكرات ئالدىدىكى دادام بىر بىرىگە زادىلا پەقەتلا ئوخشىمايتتى .

ئەسلىدە، مۇئمىن سىياقىدىكى بىچارە دادىلىرىمىز، قۇل سۈپەت مەزلۇم ئانىلىرىمىز مۇستەملىكىنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىپ روهى سۇنغان ئەرۋاهلارغا ئايلىنىپ قالغاندەك قىلىسمۇ، قەلبىنىڭ چوڭقۇرىغا كۆمۈپ قويغان هۆرلۈككە بولغان تەشنالىق، زۇلۇمغا بولغان غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى پەقەت ۋە پەقەت پەرزەنتلىرىنىڭ هاياتلىقى ئۈچۈنلا يوشۇرۇپ ياشايدىكەن. قارىماققا، بۈيۈك بىرىتانىيىنىڭ ئەمىر –پەرمانلىرىغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن بوي سۇنۇۋاتقاندەك كۆرۈنگەن بۈيۈكلىرىمىزنىڭ يۈرىكىدە، ئاخىرقى نەپسىگىچە ئېچكىي قارشىلىقلار لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرىدىكەن. ئەمما ئۇلارى ۋەتەن ئۈچۈن جان بېرىشكە پىتنالمىغانىنى ئاز دەپ، پەرزەنتلىرىنىڭمۇ بۇ يولدا بەدەل تۆلىشىنى خالىماسلىقى نېمە دېگەن ئېچىنارلىق – هە؟

مۇستەقىللىق بىزدىن قانچىلىك يىراقتا؟

ئاسىيە ئۇيغۇر

1. مۇستەقىللىقنىڭ شەرتلىرى ۋە رېئاللىقىمىزدىكى مەۋجۇت مەسىلىلەر

مىللىي مۇستەقىللىق بولسا هەر بىر دۆلەتنىڭ ئاللاھ ئاتا قىلغان هوقۇقى بولۇپ ، مۇستەملىكچى دۆلەتلەرنىڭ كۈچلىرى زور دەرىجىدە ئاجىزلىغان 21-ئەسىردىمۇ يەنىلا نۇرغۇن مىللەتلەر ئۆز دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن تىنىمسىز كۆرەش قىلىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە خەلقئارا ۋەزىيەت ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە مىللىي مۇستەقىللىق هەرىكەتلىرى يەنىلا نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ سودا مەنپەئەتىگە يانداش بولسىمۇ، ئەمما بۇنداق ئەهۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ كونترول قىلىش

مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلاردۇر. چۈنكى دۇنيا جامائىتى بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان ھېچبىر مىللەت جامائەت ئىچىدىكى ئىشلاردىن مۇستەسنا بىرەر ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرالمايدۇ.

ئۇنداقتا بىز يىراقنى قويۇپ يېقىنقى يەنى ئىككى مىڭىنجى يىللاردىن كېيىن مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەرگە قاراپ باقايلى:

1. شەرقىي تىمور دېمۇكراتىك جۇمھۇرىيىتى، 16-ئەسىردىن باشلاپ پورتىگالىيە تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنغان، كېيىن گوللاندىيە بىلەن بىرلىكتە مۇستەملىكە قىلىنغان دۆلەت بولۇپ، ئىككىنجى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن شەرقىي تىمور پورتوگالىيىنىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ قالغان. 1975-يىلى مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى قوزغىغان ۋە ئۇزۇن يىللار ئىزچىل كۆرەش قىلىش داۋامىدا 2002-يىلى مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن.
2. قارا تاغ جۇمھۇرىيىتى. 19-ئەسىردىلا مۇستەقىل دۆلەت بولغان ۋە ئېتىراپ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بالقان ئارىلىغا جايلاشقان بۇ دۆلەت جۇغراپىيىلىك ئورنى سەۋەبلىك نۇرغۇن دۆلەتلەرنى <بىر قسمى>غا ئايلىنىپ قالغان. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن يۇگوسلاۋىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىتتىپاقداش دۆلىتىگە ئايلىنىپ قالغان. 90-يىللاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان. قارا تاغ بولسا 2006- 5-ئاينىڭ 21-كۈنى ئومۇم خەلق ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق 5پىرسەنلىك كىچىككىنە ئۈستۈنلۈك بىلەن مۇستەقىل بولغان ۋە 6-ئاينىڭ 3-كۈنى 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىكى مۇستەقىل دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. شۇ يىلى 6-ئاينىڭ 28-كۈنى ب د ت غا رەسمىي ئەزا بولغان ۋە دۇنيا تەرىپىدىن رەسمىي ئېتىراپقا ئېرىشكەن.
3. جەنۇبىي سۇدان جۇمھۇرىيىتى. ئافرىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بۇ دۆلەت سۇدان جۇمھۇرىيىتىدىن ئايرىلىپ چىققان بولۇپ، 2011-يىلى 9-ئىيۇلدا مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان ۋە ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى 54-دۆلەت بولغان شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيانىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. بۇ دۆلەت نۆۋەتتە دۇنيادىكى ئەڭ ياش دۆلەت ھېسابلىنىدۇ.
يۇقارقى ئۈچ دۆلەتنىڭ مۇستەقىل بولالىشى بىزگە شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتىكى، ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن مۇستەقىللىق پەقەت بىر چۈشلا ئەمەس، بەلكى تارىخىي پۇرسەتلەرگە تولغان ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتىدە پەقەت پۇرسەتنى كۆرۈپ يېتەلىسەكلا مۇستەقىللىق بىز ئۈچۈن ئانچە يىراق بولمىغان بىر مەنزىل خالاس!

ئۇنداقتا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇسى ئۈچۈن پۇرسەت كەلدىمۇ؟

بىز بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال ، بىزنىڭ پۇرسەتلىرىمىزنى ئۆزىدە يوشۇرغان دۇنيا ۋەزىيىتىگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇپ ، كۆزىمىزنى يوغان ئېچىپ قاراپ باقايلى،پۇرسەت زادى قەيەردە؟

بىز ئىزچىل ھالدا دۈشمىنىمىز تاجاۋۇزچى خىتايلار دەپ تونۇپ كېلىۋاتىمىز، ئۇنداقتا بىز ئۈچۈن ئەڭ دەسلەپتە بىلىشكە تېگىشلىكى دۈشمەننىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بولۇشى كېرەك ئەلۋەتتە.

1. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى

خىتاي – ئامېرىكا سودا ئۇرۇشى نۆۋەتتە ھەتتا روسسىيەدە ئۇيۇشتۇرۇلغان"دۇنيا پۇتبول مۇسابىقىسى"دىنمۇ بەكرەك قىززىق نوقتىلىق مەسىلىگە ئايلاندى دېسەك ئارتۇق كەتمەس. چۈنكى دۇنيا ئىقتىسادىغا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرغان بۇ ئىككى ئىقتىسادىي چوڭ گەۋدە ئارىسىدىكى سودا تالاشلىرىنىڭ ئاقىۋەتتە سودا ئۇرۇشى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى ۋە سىياسىي خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى ھەم شۇنداقلا بۇ سودا ئۇرۇشى سەۋەبلىك خىتاي ئىقتىسادىدا داۋالغۇش بولۇشى ....ۋەھاكازالار كىشىلەرگە ئەينى يىللاردىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدا ئامېرىكا بىلەن سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئارىسىدىكى سودا ماجراسى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى قاتارلىق بىر قاتار تارىخلارنى ئەسلەتتى. دەرۋەقە ئەينى يىللىرى ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىقتىسادىي جازا يۈرگۈزگەنلىك سەۋەب ئىقتىسادىيدا چېكىنىش بولغان ۋە ئاقىۋەت پارچىلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مانا مۇشۇنداق تارىخىي پۇرسەتلەر سەۋەب بۈگۈنكى قازاقىستان، تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق نۇرغۇن دۆلەتلەر مۇستەقىللىقنىڭ بۈيۈك قەدىمىنى ئالالىغان.

ئۇنداقتا تارىخ تەكرارلىنامدۇ؟ كىمنىڭ سۆزى ئىكەنلىكى ئېسىمدە قالماپتۇ ، مۇنداق بىر سۆز بولىدىغان:"تارىخ تەكرارلانمايدۇ، ئەمما بەزى تارىخلار بىر – بىرىگە كىشىنى چۆچۈتكىدەك دەرىجىدە ئوخشايدۇ". بەلكىم مانا مۇشۇنداق ئوخشاشلىقلار يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى بۈگۈن كۆپ ساندىكى كىشىلەر ھېس قىلىشماقتا. ئامېرىكا قوزغىغان سودا ئۇرۇشى خىتاينىڭ ئىقتىسادىيغا تەسىر يەتكۈزىۋاتقان بولسا، خىتاي ئىچىدىكى كوممۇنىست پارتىيەگە قارشى نارازىلىق ھەرىكەتلىرى تېزدىن ئەۋج ئېلىپ بېۋاستە ھالدا خىتاي ھاكىمىيىتىگە تەھدىت ئېلىپ كەلدى. مەسىلەن، تاكسى شوپۇرلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىش تاشلاش ھەرىكىتى، يۈك ماشىنىشى شوپۇرلىرىنىڭ مەملىكەن خاراكتېرلىك تەشكىللىنىپ ئىش تاشلاش ھەرىكتى، كونا ئەسكەرلەرنىڭ مەملىكەت بويىچە تەشكىللىنىپ نارازىلىق نامايىشى ئېلىپ بېرىشى قاتارلىق بىر قاتار ۋەقەلەر كەينى – كەيندىن يۈز بەردى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا شىن جىنپىڭنىڭ رەسىمگە سىياھ چېچىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ پۈتۈن خىتاي ئىچى – سىرتىدىكىلەر ئارىسىدا سىياھ چېچىش ھەرىكتى كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشقا باشلىدى. مانا بۈگۈن خىتايدا چوڭ سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكىگە دائىر گەپ سۆزلەر ۋە مۇلاھىزىلەر پۈتۈن ئىنتېرنېت دۇنياسىنى بىر ئالدى.......

بىز ئامېرىكىنىڭ جۇڭشىڭ شىركىتىنى جازالاش ۋەقەسىدىن شۇنى كۆرۈپ يەتتۇقكى، ئۆزلىرىنى يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن چوڭ دۆلەت دەپ جار سالغان ۋە 2025 پىلانى ئارقىلىق دۇنيا پەن – تېخنىكا ساھەسىدە يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتۈشنى پىلان قىلغان خىتاينىڭ ھەتتا كىچىككىنە "芯片" ئۆتكۈزگۈچ پىلانستىنكا ياساش تېخنىكىسىدىمۇ باشقىلارغا تايىنىدىغان دەرىجىدە پەن – تېخنىكىدا بەكلا ئاجىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتۇق. ئۇنداقتا پەن – تېخنىكىدا شۇنچە ئاجىز بىر دۆلەت قانداق قىلىپ دۇنيا پەن – تېخنىكا ساھەسىدە رەھبەرلىك ئورنىغا ئۆتەلىشى مۇمكىن؟ بۇ دەل ئامېرىكىنىڭ خىتايغا سودا ئۇرۇشى ئېلان قىلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبدۇر. چۈنكى خىتاي تاكى بۈگۈنگە قەدەر يۇقىرى پەن – تېخنىكىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشكىنى يوق، ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس بولىۋاتقىنى ھەممىسلا غەربنىڭ يۇقىرى پەن – تېخنىكىسى ۋە

ختاينىڭ چەتئەللەردىكى ئۇچۇر ۋە تېخنىكا جاسوسلىرىنىڭ تۆھپىسى خالاس. ئامېرىكا جۇڭگوشىڭنى جازالايمىز دېيىشى بىلەنلا جۇڭگوشىڭ پالەچ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، گەرچە ختاي دەسلەپتە ئامېرىكىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باققان بولسىمۇ لېكىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ قەتئىيلىكى نەتىجىسىدە جۇڭگوشىڭ ناھايىتى زور ئىقتىسادىي تۆلەم تۆلەش ۋە جۇڭگوشىڭ شىركىتىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىنى پۈتۈنلەي ئالماشتۇرۇش ۋە ئامېرىكىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش شەرتى ئاستىدا جازانى بىكار قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بىز بۇ يەردە جۇڭگوشىڭنىڭ نىمە ئۈچۈن ئۇنداق كۆپ ئىقتىسادىي جازانى قوبۇل قىلىشنى ، شىركەتنى ۋەيران قىلىشتىن مۇھىم دەپ بىلگەنلىكى ۋە بۇ ئاتالمىش <شەخس شىركەت> نىڭ ئىشلىرىغا ختاينىڭ بىر دۆلەت سۈپىتىدە قول تىقىپ ئارىلىششى نەتىجىسىدە بىز جۇڭگوشىڭنىڭ نوقۇل ھالدىكى شەخس شىركىتى ئەمەس بەلكى ختاينىڭ ئۇچۇر ئالاقىسى ۋە جاسۇسلۇق ساھەسىدىكى مۇھىم ئورگىنى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتۇق. يەنى ئامېرىكىنىڭ تېخنىكىسى ئىران بىلەن شىمالىي كورىيەگە سېتىپ ئامېرىكىنىڭ ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى – تەرۇز قىلغان جۇڭگوشىڭنىڭ كەينىدە ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى بارلىقىنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ۋە شۇ سەۋەب ئامېرىكا ختاي ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەكشۈرۈش، كۆزىتىش ۋە ئامېرىكىغا ختايدىن ئوقۇشقا ۋە خىزمەت بىلەن كېلىدىغانلارنىڭ ۋىزا ئېلىش ئىشلىرىغا چەك قويۇش، ۋەتەنداشلىققا چەك قويۇش، ختاي گراجدانلىرى ياكى ئامېرىكا گراجدانلىقىغا ئۆتكەن ختايلارنىمۇ دۆلەتنىڭ تېخنىكىلىق مۇھىم خىزمەت ئورۇنلىرىغا قوبۇل قىلماسلىق، ھازىر ئىش ئورنىدا بولغانلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق نۇرغۇن چارە – تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا باشلىدى. شى جىنپىڭ گەرچە دەسلەپتە"قانغا قان ئالىمىز"دەپ چوڭ سۆزلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ترامپنىڭ دېگىنىنى قىلىدىغان، ختايدىن قورقۇپ قالمايدىغان جەسۇر ۋە قەتئىيلىكى كېلىپ چىقىشى تىجارەتچى بولغان بىر پرېزىدېنتنىڭ ختاينىڭ قارىشىدىكى"پۇلنى مۇھىم بىلىدۇ"قارىشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. دەرۋەقە ختاي ھۆكۈمىتى ترامپنى پەقەت"گولدۇرى بار، يامغۇرى يوق" ئادەم دەپ پەرەز قىلىشقان ۋە شۇ پەرىزىگە ئاساسەن ستراتېگىيىسىنى تۈزگەن بولۇپ، ترامپنىڭ ئويلىمىغان يەردىن بۇنداق قاتتىق قول پرېزىدېنت بولۇشى ختاينى چۆچۈتتى. 6-ئىيۇل كۈنى 50مىلياردلىق ختاي مېلىغا باج ئالىدىغانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن ختايمۇ ئامېرىكىنىڭ ئوخشاش مىقداردىكى مېلىغا ئوخشاش باج ئالىدىغانلىقىنى جاكارلىغانىدى. ختاينىڭ بۇ ئىپادىسى ئامېرىكىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈردى ۋە كەينىدىنلا ترامپ يەنە 200مىليارد ۋە 300مىلياردلىق ختاي ماللىرىغا باج ئالىدىغانلىقى ھەققىدە باياناتات بەردى. 6-ئىيۇل ئامېرىكا ختاي ماللىرىغا رەسمىي يوسۇندا باج ئېلىشنى باشلىغاندا بولسا ختاي پورتىدا ئامېرىكىنىڭ ماللىرى ختاي پورتىدىن كىرەلمەي تۇرۇپ قالدى، چۈنكى ختاي پورتىدىكىلەر تېخى ئامېرىكىنىڭ ماللىرىغا قانداق باج ئېلىش ھەققىدىمۇ ئېنىق بىر بۇيرۇققا ئېرىشمىگەنىدى......يەنى ختاي بۇ سودا ئۇرۇشىنىڭ تۇنجى ئوقىنىڭ چوقۇم ئېتىلىدىغانلىقىغا ئانچە ئىشەنمىگەن ۋە تەييارلىق كۆرمىگەن.....

ئۇنداقتا بۇ ئىشتىن نېمىنى ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن؟ ختاينىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىگىمۇ تەھدىت ئېلىپ كېلىش ئېھتىماللىقى بولغان سودا ئۇرۇشىدەك مۇشۇنداق چوڭ بىر ئىشتا ختاينىڭ بۇنداق ھاماقەتلەرچە سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلىشى ختاينىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا يەنىلا تەدبىرسىزلىك ۋە مۇقىمسىز ئامىللارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرۈۋېلىشىمىز

مۇمكىن.
نۇرغۇن كىشلەر ئامېرىكا – خىتاي سودا ئۇرۇشىنىڭ خىتاينى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرۈشگە ئانچە ئىشىنەلمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما بۇ دېگەنلىك بۇنداق ئېھتىماللىق يوق دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى ئامېرىكا 2017-يىلى دۆلەت بىخەتەرلىك دوكلاتىدا خىتاي بىلەن روسسىيەنى بىرىنجى دەرىجىلىك دۈشمەن دەپ ئېلان قىلغان ئىدى. يەنى 11-سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن تېرورلۇق كۈچلىرىنى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان سىياسىي كۈچ دەپ قارىغان ئامېرىكا ئەسلىدە ئۆزىنىڭ ۋە پۈتۈن دۇنيانىڭ بىخەتەرلىكىگە چوڭ تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان كۈچنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى تېرورلۇق كۈچلىرى ئەمەس بەلكى خىتاي ۋە كوممۇنىست ئىدىيىسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنىدى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ئامېرىكا ترامپنىڭ رەھبەرلىكىدە ئامېرىكا بىخەتەرلىكىگە زور تەھدىت پەيدا قىلغان شىمالىي كورىيەنىمۇ بويسۇندۇردى، مانا بۈگۈن پرېزدېنت ترامپ بىلەن روسسىيە پرېزدېنتى پۇتىن ئۇچراشتى.......بۇ ئۇچرىشىش روسسىيە بىلەن ئامېرىكا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن يېڭى بىر باشلىنىش ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. 20يىل ئاۋۋال ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى خىتاي بىلەن ھەمكارلىق ئورناتقان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە نىمە ئۈچۈن خىتايغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن روسسىيە بىلەن ھەمكارلاشمىسۇن؟ ئەگەر ئامېرىكا روسسىيە بىلەن ھەمكارلاشسا ، شىمالىي كورىيەنى بويسۇندۇرغان، تېرور كۈچلىرىنى يوقىتىپ بولغان تۇرسا ، ئامېرىكىنىڭ خىتايدىن باشقا دۈشمنى قالاتتىمۇ؟ ئامېرىكا نۆۋەتتە ئەلۋەتتە پۈتۈن كۈچىنى مانا بۇ ئەشەددىي دۈشمەننى يوقىتىشقا قارىتىدۇ.
بۇ ئەشەددىي دۈشمەن ئەلۋەتتە ئاجىز ۋە يۆلەكسىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ ئەشەددىي دۈشمىنىدۇر. دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمنى بىزنىڭ دوستىمىز بولىدىغانلىقى ھەقىقەت. ئۇتۇق قازىنىمىز دەيدىكەنمىز ئەلۋەتتە دۈشمەن بىلەن دوستنى پەرق ئېتەلىگۈدەك ئەقىل ۋە كۆزىمىز بولۇشى كېرەك. چۈنكى بىز دۈشمەننى يېڭىش ئۈچۈن دوستلارغا مۇھتاج بولغىنىمىزدەك، دۈشمەندىن غالىپ كېلىپ ئۆز دۆلىتىمىزنى قۇرغان مىنۇتلاردىمۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ دوستلارغا ئەلۋەتتە مۇھتاج بولىمىز. چۈنكى مۇستەقىل بولساقمۇ بىز يەنىلا دۇنيا چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە مەۋجۇتلىقىمىزنى ساقلايمىز.
ئۇنداقتا دۈشمىنىمىزنىڭ ئەھۋالى خاراپ، دۈشمەنلىرى كۈچلۈك ۋە كۆپ بولۇۋاتقان بۇ تارىخي شارائىتتا بىزگە پۇرسەت كەلمدى دېيىشكە يەنە قانداق سەۋەبىمىز بار؟

2. مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بۇيان چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋە تەشكىلاتلار ئارىسىدا ئوخشىمىغان ئىختىلاپلار مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى. بۇ ئىختىلاپلاردىن شۇنى بايقىدىمكى ئىختىلاپلارنىڭ سەۋەبى، ئۇسۇلى ۋە نەتىجىسى چەتئەلدىكى خىتاي پائالىيەتچىلىرى ئارىسىدىكى ئىختىلاپلار بىلەن ئاساسىي جەھەتتە ئوخشاش ئىكەن. يەنى، بىر بىرىنى خائىن، جاسۇس دەپ زارلاش، خەلققە پاش قىلىش، ئۆز ئارا قارىلاش ۋە ئېكرانغا چىقىپ ھېكايە سۆزلەش. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەردىن تارتىپ ئادەتتىكى ئاۋام پۇخراغىچە ھەرخىل پىكىر ئېقىمىغا ئەگىشىش ۋە بۆلۈنۈش، بىر بىرىگە قارىمۇ قارشى تەشكىلاتلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈش.......قاتارلىقلار. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى نىمە ئۈچۈن ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپلار خىتاي پائالىيەتچىلىرى ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارغا

ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ قىلغالىقىدۇر. مېنىڭ كۆزىتىشىمچە خىتاينىڭ جوسۇسلۇق ھەرىكىتى دۇنيادا خېلى ئالدىنقى قاتاردا بولۇپ، ئۆتكەن ئىككى يىل ئىچىدىكى خەلقئارادا يۈز بەرگەن خىتاينىڭ جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىگە دائىر ۋەقەلىكلەردىن كوڭزى مەكتىپى ۋەقەسى ، ئاۋستىرالىيەدىكى بىر پارلامېنت ئەزاسىنىڭ ئاشكارە باياناتى، گېرمانىيە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى 1000نەپەر خىتاي جاسۇسى ۋەقەسى، كانادادىكى خىتاي كۆچمىنىڭ ھۆكۈمەتكە تەسىر كۆرسىتىشى دېگەندەك بىر قاتار ۋەقەلەردىن خىتاينىڭ چەتئەلدىكى قارا قولىنىڭ نەقەدەر كەڭ يېيىلغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدۇق. ئۇنداقتا خىتاي قارا قولى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت قاتلىمىغا تەسىر يەتكۈزۈش دەرىجىسىگە بارغان بۇنداق ئەھۋالدا بۇ قارا قوللارنىڭ چەتئەللەردىكى خىتايغا قارشى كۆچلەرنىڭ ئارىسىغا يامرىماسلىقى ئەقىلگە ئەلۋەتتە ئۇيغۇن ئەمەس. خىتاي ئەسلىدىمۇ ۋەتەندە كىشىلەر ئارىسىغا پىتنە سېلىش، بىر بىرىنى چېقىش، نازارەت قىلدۇرۇش......قاتارلىق پەشكەش ئۇسۇللاردا خەلقنى نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىپ قۇل قىلغان. چەتئەللەردىمۇ ئوخشاش ئۇسۇللاردا خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەرقانداق ھەرىكەتلەرگە توسقۇنلۇق قىلىشى ئېنىق بولۇپلا قالماي يەنىلا شۇ كونا ئۇسلۇبىنى قوللىنىدۇ. چۈنكى خىتاي ھۆكۈمىتى پىتنە تېرىشنىڭ ئادەملەر ئارىسىدىكى ئىشەنچنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئىناقسىزلىق كەيپىياتى شەكىللەندۇرۇش ئارقىلىق چوڭراق بىر كۆچلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى توسالايدىغانلىقىنى نۇرغۇن يىللىق تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلىغان. بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقىنىڭىزدا بەلكىم ئەتراپىڭىزدىكى پىتنە تېرىگۈچىلارنىڭ كۆپلىكىدىن خىتاينىڭ جاسۇسلىرىمۇ بەك كۆپ بولسا كېرەك ياكى ھەممە ئادەم جاسۇسلۇق قىلىشقا باشلىدىمۇ قانداق دېگەن ئويغىمۇ كېلىپ قالغانسىز - ھە؟ لېكىن ئەنسىرىمەڭ،چۈنكى پۈتۈنلەي ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. بىر خەلقنىڭ ئارىسىغا پىتنە سېلىش ئۈچۈن بىر ئېغىز گەپ، بىر نەچچە ئادەم بولسا مەقسەتكە يېتىش ئۇنچە تەس بولمىسا كېرەك. خىتاينىڭ ئۇزۇن يىللارچە باستۇرۇش سىياستى ئاستىدا ستوكخولم ئۇنىۋېرسال كېسىلىگە گىرىپدار بولۇش ئېھتىماللىقىمىز ناھايىتى چوڭ بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋالدا خىتاينىڭ ئارىمىزغا بەك كۆپ كۆچمەيمۇ مەقستىگە يېتىش ئىمكانى بار ئەلۋەتتە. (ستوكخولم ئۇنىۋېرسال كېسىلى بولسا بىر خىل روھىي كېسەللىك بولۇپ، يەنى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ قىلمىشىنى يوللۇق دەپ قاراش ۋە ئاقىۋەتتە زۇلۇم قىلغۇچىغا ياردەم قىلىش ئارقىلىق ئۆز قەۋمىگە زۇلۇم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە توردىن ئىزدەنسەڭلەر تېخىمۇ تەپسىلىي چۈشەنچىگە ئىگە بولىشىڭلار مۇمكىن.
https://zh.wikipedia.org/wiki/%E6%96%AF%E5%BE%B7%E5%93%A5%E7%88%BE%E6%91%A9%E7%97%87%E5%80%99%E7%BE%A4(

چەتئەلدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى يېقىن يىللاردىن بۇيان بۆلۈنۈش ۋە تەشكىلات رەھبەرلىرىدە بىر بىرىدىن گۇمان قىلىش، ھاقارەتلەش ھەتتا چەتئەل مېدىيالىرىغا <غەيۋەت >قىلىپ بېرىش......تىن ئېغىرلاپ ئادەم توپلاش، يېڭىدىن تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ ، مەۋجۇت تەشكىلاتلارغا قارشى يوسۇندا ھەرىكەت قىلىش دولقۇنى ئەۋج ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ھەممە ئادەم ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان، ھەممە تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دەۋاسىغا ئىگە چىقالايدىغان بىردىنبىر تەشكىلات ئىكەنلىكىنى جار سالىدىغان غەلىتە ئەمما كىشى كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. يىللارچە داۋام قىلغان بۇ دە - تالاشلار ئۇيغۇر دەۋاسىغا قانداق پايدا ئېلىپ كەلدى؟ نۆۋەتتە بارلىق تەشكىلات

رەھبەرلىرى ۋە تەشكىلاتلار ھەمدە بارچە خەلق ئۆز ئارا تالاش تارتىش ۋە قارىلاشقا چۈشۈپ كېتىپ، دەۋا قىلىشتىكى مەقسىتىنى ئۇنتۇپ قالدى. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ۋە مەقسىتىمىز نىمە ئىدى؟ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ۋەتىنىمىزنى ئازاد قىلىش، مۇستەقىل قىلىش! مەقسىتىمىز خىتايغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ھالاك قىلىش ئىدى. نۆۋەتتە بىز قىلدىغان ئىشلارنىڭ ئەڭ مۇھىمى بارچە ئۇيغۇرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، بىرلەشكىلى بولغۇدەك كۈچنىڭ ھەممىسنى بىرلەشتۈرۈپ بىردىنبىر دۈشمىنىمىز بولغان خىتايغا قارشى زور بىر قوشۇن شەكىللەندۈرۈش! مەيلى سىز قانچە ئىقتىدارلىق سىياسىئون، ئىقتىدارلىق رەھبەر ، ئىقتىدارلىق پائالىيەتچى بولۇڭ، سىز تالاشقان شۇ ھۆرمەت ۋە ئىمتىيازلار خىتاي ھالاك بولماي تۇرۇپ ھەرگىزمۇ سىزگە بېرىلمەيدۇ. تۆھپە تالىشىش مەيلى سىز خالاڭ ياكى خالىماڭ پەقەت ۋەتەن ئازاد ۋە مۇستەقىل بولغاندىلا ئاندىن بۇ يولدا كۆرەش قىلغانلارغا ئەمگىكىگە يارىشا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر ۋەتەن بىر كۈن ئازاد بولمايدىكەن، سىز بۇ يەردە تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قېلىۋېرىسىز ۋە ۋەتەننى ئازاد قىلىش ئارزۇيىڭىزنى ئۆزىڭىز بىلەن بىرگە گۆرگە ئېلىپ كېتىشىڭىزمۇ مۇمكىن. بىزنىڭ تارىختىكى ئىككى جۇمھۇرىيىتىمىز ھالاك بولماستا ئاشۇ دۆلىتىمىزنى قۇرۇش يولىدا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن تۆھپىكارلارنى خەلق بىلگەنمىدى؟ خىتايغا قارشى غۇلجا ۋەقەسى، ئۈرۈمچى ۋەقەسى، مارالبېشى ۋەقەسى، يەكەن ۋەقەلىرىدىكى قەھرىمانلارنى شۇ ۋەقەدىن بۇرۇن خەلق بىلگەنمىدى؟ شۇ ۋەقەلىكلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن شۇنداق بىر قەھرىمانلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلغانلىقىنى ئاندىن بىلدۇق ۋە ئۇلارنى قەھرىمان دەپ تەرىپلەشتۇق. ۋەتىنىمىز مۇستەقىل بولغاندا ئەلۋەتتە بۇ قەھرىمانلىرىمىز تېگىشلىك تۆھپىلەر بىلەن تارىخىمىز سەھىنىسدە يۈكسەك مەرتىۋىلەرگە ئىگە بولىدۇ.

3. نۆۋەتتىكى رېئاللىقىمىز

ھەرقانداق بىر ھاكىمىيەتكە قارشى كۈچ ئالدى بىلەن سىياسىي تۈس ئېلىشى كېرەك. يەنى تارىختىكى ئىنقىلابچىلىرىمىزمۇ مەلۇم بىر سىياسىي ئىدىيە ئاساسىدا تەشكىللىنىپ ھەرىكەت قىلغان ۋە ئاقىۋەتتە ھاكىمىيەتكە قارشى غايەت زور كۈچ بولۇپ شەكىللىنەلىگەن.

چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلار يىللاردىن بۇيان خىلمۇ خىل تەشكىلاتلارنى قۇردى ھەم داۋاملىق قۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارزۇ- نىشانلىرى، ئېسىل پىلانلىرى بار ۋە بولغان. ئەمما نىمە ئۈچۈن ئۇيغۇر دەۋاسىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك زور نەتىجىلەر قولغا كېلىپ باقمىدى؟ بۇنىڭدىكى بىردىنبىر سەۋەب ئۇلارنىڭ زەنجىرسىمان ئىش تەرتىپىنى شەكىللەندۈرەلمىگەنلىكىدۇر. ئەلۋەتتە بىر تەشكىلاتنى نورمال ئېلىپ مېڭىش ئۈچۈن غايەت زور ئىقتىسادقا ئېھتىياجلىق بولىمىز. ئۇنداقتا بىزدە ئىقتىساد يوقمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، ئىقتىسادىي بار. ئەمما بۇ يەردىكى مەسىلە ھەر بىر تەشكىلات ئۆز ئىقتىسادىنى ئۆزى ئىشلىتىش، ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىش، ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى بولماسلىق ھەتتا بىر بىرى بىلەن رىقابەتلىشىش.......تەرەپدارى بولۇپ ئىقتىسادنى بىرلىككە كەلتۈرمىگەنلىكى ۋە ئىش بىرلىكى ھاسىل قىلمىغانلىقتۇر. شۇ سەۋەب، خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللىشىغمۇ ئېرىشەلمىگەن. گەرچە نۇرغۇن كىشلەر تەشكىلاتلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشنى خالىسىمۇ، ئەمما شۇنداق قىلىشقا ئىككىلىنىپ قالغان.بولۇپمۇ تەشكىلاتلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ ئاشكارە بولماسلىقى، يىغىلغان ئىئانە ۋە ياردەملەرنىڭ ھېساۋاتى

ئېنىق بولماسلىقى، تەشكىلات ئىچىدە ئىقتىسادىي خىيانەتچىلىك ئەھۋاللىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى قاتارلىق بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلى تەشكىلاتلار خەلقنىڭ ۋە بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالغان. مۇشۇنداق شارائىتتا خىتايمۇ تەشكىلاتلار ئارىسىغا پىتنە سېلىشقا باشلىغان ۋە تەشكىلاتلارنى بىر بىرىگە قارشى تۇرىدىغان، بىر بىرىنى ياراتمايدىغان، تەشكىلات ئەزالىرى ئارىسىدىمۇ ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا بولۇپ، خەلق قايسى تەشكىلاتقا ئەگىشىش ياكى قوللاشتا قىينىلىپ قالغان ئەھۋاللار كېلىپ چىققان. مانا ھازىر بۇ مەسىلىلەر ئۇيغۇر دەۋاسى ئۈچۈن ئىقتىسادىي كۈچ بولماسلىق، چوڭ بىر كۈچ بولۇپ شەكىللىنەلمەسلىك، تەشكىلاتلار ئۆز ئارا بىر بىرىنى چەتكە قېقىشتەك ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بۇرۇندىن تارتىپ ئۇيغۇر دەۋاسى بېشىدىكى تەشكىلاتلاردىن ئۈمىد كۈتۈپ كەلگەن نۇرغۇن شەخسلەرنىڭ دەۋا سېپىغا قوشۇلۇشىنى توسۇپ قويغان. ئۇنداقتا ئويلاپ باقايلى، ئۇيغۇر دەۋاسى شۇنچە يىللاردىن بېرى مانا مۇشۇ ھالەتتە داۋاملىشىپ كەلدى. نەتىجە چىقمىدى، بىز يەنە ۋاقتتنى ئىسراپ قىلىپ مۇشۇ ھالەتنى ساقلاپ مېڭىۋېرىشىمىز كېرەكمۇ؟ ناۋادا خىتايدا چوڭ بىر سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ ۋەتەن مۇستەقىللىققە پۇرسەت يارىتىلىپ قالسا بىز قايسى ھالىتىمىزدە يېڭى بىر تارىخىي دەۋرنى كۈتۈپ ئالالايمىز؟ بىزنىڭ كۈتۈپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتىمىز بارمۇ؟ كېسىپ ئېيتىمەنكى ئەمدى ۋاقىت يوق! ئەمدىكى كۆرەشتە مۇستەقىل بولۇش ياكى يوقىلىشتىن باشقا يولىمىز يوق. ئەگەر مۇستەقىل بولۇشقا تەييار بولمايدىكەنمىز ئۇنداقتا ئۇيغۇر دېگەن سۆز بىر تارىختا ئايلىنىشى مۇمكىن!

ھازىر قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشىمىز، مەيلى سىز قانداق ئادەم بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر پەقەت خىتايغا قارشىلا بولسىڭىز، ھايات ۋاقتىڭىزدا ۋەتەننىڭ ئازادلىقىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىكەنسىز، قەلبىڭىزدىكى ئۆچمەنلىكنى، ئايرىمچىلىقنى، تەكەببۇرلۇقنى، ياراتماسلىقنى ، دۈشمەنلىكنى ۋە ھەممە ناچار قىلمىشلىرىڭىزنى تاشلاپ پۈتۈن دىققىتىڭىزنى خىتايغا قارىتىڭ.ئەگەر شۇنداق قىلمايدىكەنسىز خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن چاپان ياپقان، ۋەتەن خەلقىنىڭ ئازادلىقىغا توسقۇنلۇق قىلغان بولىسىز!

4. قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

ئۇيغۇرلار قانداق قىلىشى كېرەك؟ دېگەن بۇ سوئال مەن ئۈچۈن سالمىقى تولىمۇ ئېغىر بولغان سوئال بولسىمۇ، لېكىن ئويلىغانلىرىمنى سىلەر بىلەن ئورتاقلىششىنى مۇھىم ئىش دەپ بىلىمەن. قاراشلىرىمنى ئالدى بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق خىتابنامىسى بىلەن باشلايمەن.گەرچە ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق خىتابنامىسى 200نەچچە يىللار بۇرۇن يېزىلغان ۋە ئۇيغۇر بىلەن قىلچە ئالاقىسى بولمىغان بىر خىتابنامە بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىكى پىكىر پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق دەپ قارايمەن. ئۇنداقتا بۇ مۇستەقىللىق خىتابنامىسىدە نېمىلەر دېيىلگەن ۋە ئۇنىڭ بىز بىلەن بولغان ئالاقىسىچۇ؟

مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنىڭ مۇقەددىمىسى:

بىزنىڭ قارىشىمىزچە تۆۋەندىكى ھەقىقەتلەرگە سۆز كەتمەيدۇ. ياراتقۇچى ئىنسانلارنى باراۋەر ياراتتى ۋە ئۇلارغا تارتىۋېلىشقا بولمايدىغان ھوقۇقلارنى ئاتا قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھاياتلىق ھوقۇقى، ئەركىنلىك ھوقۇقى ۋە بەخت- سائادەتكە ئېرىشىش ھوقۇقلىرى بار. بۇ ھوقۇقلارغا

كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىنسانلار ئارىسىدا ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقى بولسا بويسۇنغۇچىلارنىڭ رازىلىقى بىلەن رويابقا چىقتى. ھەرقانداق شەكىلدىكى ھۆكۈمەت پەقەت يوقارقى ھوقۇقلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىكەن خەلقنىڭ ئۇنى ئۆزگەرتىش ۋە بىكار قىلىش ۋە قايتا ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىش ھوقۇقى بولىدۇ. يېڭى ھۆكۈمەت تايىنىدىغان پىرىنسىپ بولسا ھوقۇقنى كۈچىنى تەشكىللەش ئارقىلىق ئەڭ زور دەرىجىدە خەلقنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە بەختلىك ياشىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر. ھەقىقەتەن ئەستايىدىل ئويلىنىدىغان بولساق يەڭگىلتەكلىك بىلەن كىچىككىنە ۋاقىتلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۇزۇن يىللىق ھۆكۈمەتنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئۆتمۈشتىكى بارلىق ساۋاقلاردىن شۇنى بىلدۇقكى، ھەرقانداق جاپا – مۇشەققەتلەر پەقەت بەرداشلىق بەرگىلى بولسىلا، ئىنسانلار ئادەتتە سەۋر قىلىشنى ئەۋزەل كۆرىدۇكى، ئۆزلىرى ئۇزۇندىن بېرى كۆنۈپ قالغان بۇ ھۆكۈمەتنى بىكار قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھەق – ھوقۇقلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىشنى خالىمايدۇ. لېكىن، ھۆكۈمەت ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىپ، زورلۇق- زومبۇلۇق قىلسا ۋە ئىزچىل تۈردە بىرلا نىشاننى كۆزلەپ ماڭغان بولسا، بۇ ئۇنىڭ خەلقنى مۇتلەق مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئاستىغا ئالغانلىقىنىڭ ئىسپاتى بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالدا خەلقنىڭ بۇ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرىۋېتىش ئارقىلىق كەلگۈسى ئۈچۈن يېڭى بىر كاپالەت يارىتىش ھوقۇقى بولىدۇ.

مانا يۇقارقىلار ئامېرىكا مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنىڭ بېشىدىكى مۇقەددىمە بولۇپ، بۇ ھەم ئامېرىكىنىڭ 200يىلدىن بېرى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان قانۇن – سىياسەتلىرىنىڭ ئاساسىدۇر. بۇ ئاساسلار بولغاچقىلا قانۇن تۈزۈملەردە قانداقلا ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەركىنلىك، ھۆرلۈك، باراۋەرلىك ۋە بەختنى قوغلىشىش ھوقۇقى دەخلىگە ئۇچرىمايدۇ ۋە ئۇچرىمىغان. بۇ مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنىڭ يازغۇچىسى ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزدېنتى توماس جېففېرسون بولۇپ، ئۇنىڭ قەبرىسىگە ئۇنىڭ مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنىڭ ئاپتورى ئىكەنلىكى يېزىلغان بولۇپ، قىزىقارلىقى ئۇنىڭ يەنە ئامېرىكىنىڭ پرېزدېنتىمۇ بولغانلىقى پەقەتلا تىلغا ئېلىنمىغان.

بىز بۇ خىتابنامىگە قارايدىغان بولساق باشتا دېيىلگىنى ھەر بىر ئىنساننىڭ ياراتقۇچى تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان تەبىئىي ھوقۇقلىرى بولىدىغانلىقى بولسا كەينىدە بۇ ھوقۇقلارنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى ئۈچۈن ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان ۋە بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقى خەلق تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكى سۆزلەنگەن. يەنى ھۆكۈمەت بەرپا قىلىشتىكى سەۋەب، خەلقنىڭ ھوقۇقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت، ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن بۇ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇش ياكى ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ.

ئۇنداقتا بۇ خىتابنامىدىكى بىزگە ئالاقىدار مەسىلە نىمە؟ ئۇ بولسىمۇ ئىنسانلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان تەبىئىي ھوقۇقلارنىڭ ھېچكىم دەخلى – تەرۇز قىلىشقا بولمايدىغانلىقىدۇر. دېمەك بىز يارىلىشىمىزدىن ھۆر يارىتىلدۇق. بىزنىڭ ياشاش ۋە بەخت – سائادەتنى قوغلىشىش ھوقۇقىمىز بار.

ئۇنداقتا بىزنىڭ ھوقۇقلىرىمىز قېنى؟ ۋەتىنىمىزنى خىتاي مۇستەملىكە قىلغان 70يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە خەلقىمىز ياراتقۇچى تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان بۇ ھەق – ھوقۇقلىرىدىن تامامەن مەھرۇم ھالەتتە ياشاپ كەلدى. شۇنداقلا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە ئىنسانلىقتىن ھالقىغان زورلۇق، خورلۇق ۋە بوزغۇنچىلىقلارغا ئۇچرىدى. ئۇنداقتا مىللەتنىڭ بۇ ھاكىمىيەتكە قارشى چىقىش، بۇ ھاكىمىيەتنى يوقىتىش ھەققى بارمۇ؟ ئەلۋەتتە بار! ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟

ئۇيغۇر خەلقى ھەق – ھوقۇقلىرىنى خەلقئارا قانۇنلار ئاساسىدا قوغدىشى ۋە ئۆز ھەق – ھوقۇقلىرىنى قولغا ئېلىش يولىدا ئىزدىنىشى، كۆرەش قىلىشى كېرەك. ئۇنداقتا خەلقئارا قانۇنلاردا بىزگە كېرەكلىك بولغان پايدىلىنىشقا تېگىشلىك قانداق قانۇن – نىزاملار بار ياكى بولغان؟

مەن بۇ ھەقتە كۆپ ئىزدىنىشلەردىن كېيىن ب د ت نىڭ 1514-نومۇرلۇق قارارىدا مۇنداق قۇرلارنى ئۇچراتتىم. يەنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 1960-يىلى 14-دىكابىر مۇستەملىكە قىلىنغان دۆلەتلەر ياكى مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنى ئېلان قىلغان. يەنى بۇ 1514-نومۇرلۇق ھۆججەت تۆۋەندىكىدەك 7 تۈرلۈك قارارنى ماقۇللىغان بولۇپ،ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. مۇستەملىكە قىلىنغان خەلقلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشتەك ئەھۋاللار نورمال ئىنسان ھوقۇقىنى رەت قىلغانلىق بولۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىق بىلەن بىرگە دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە توسالغۇ بولىدۇ.
2. ھەرقانداق مىللەتنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. بۇ قارارغا ئاساسەن ئۇلار دەخلىسىز ھالەتتە ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئورنىنى بەلگىلىسە، ئەركىن ھالەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، جەمئىيتى ۋە مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرسا بولىدۇ.
3. سىياسىي ، ئىقتىسادىي، جەمىيەت ۋە مائارىپ قاتارلىق تەرەپلەردە يېتەرلىك تەييارلىقى بولمىغانلىقى سەۋەبلىك مۇستەقىل بولۇشنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ.
4. مۇستەملىكە قىلىنغان دۆلەتلەرنىڭ يەرلىك خەلقكە قىلغان بارلىق قوراللىق ھەرىكەتلىرى ۋە باستۇرۇشلىرىنى توسۇش ئارقىلىق شۇ خەلقنىڭ تېنچ ، ئەركىن ھالەتتە ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈنلەي مۇستەقىل بولۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى قوللاش بىلەن بىرگە دۆلىتىنىڭ زېمىن پۈتۈنلىكىگە ھۆرمەت قىلىنىشى لازىم.
5. باشقىلارنىڭ باشقۇرىشىدا تۇرغان، ئاپتونومىيىسى بولمىغان رايونلار ۋە تېخى مۇستەقىل بولمىغان باشقا رايونلاردىمۇ دەرھال شۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئىرادىسى ۋە ئارزۇسى بويىچە مىللەت ، دىنىي ئېتىقاد ۋە ئېرق ئايرىماستىن، شەرتسىز ۋە تولۇق ھالەتتە بارلىق ھوقۇقلارنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىشى ئارقىلىق ئۇلارنى پۈتۈنلەي مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن قىلىشى كېرەك.
6. ھەرقانداق بۆلەكنى ياكى بىر دۆلەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى پارچىلاش ۋە زېمىن پۈتۈنلىكىگە دەخلى – تەرۇز قىلىش قىلمىشى ب د ت نىزامنامىسىگە خىلاپ قىلمىشتۇر.

7. ھەرقانداق بىر دۆلەت باراۋەر شەكىلدە، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغان ۋە بارلىق دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلىكىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، ب د ت نىزامنامىسىگە، دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ۋە بۇ خىتابنامىنىڭ تۈزۈملىرىگە بويسۇنۇشى كېرەك.

يۇقارقى ھۆججەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ھەرقانداق بىر مىللەت مۇستەقىل بولۇشقا ھوقۇقلۇق. ئەگەر بىر مىللەت باشقىلار تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنغاندىن كېيىن ئېزىلىش، باستۇرۇشلارغا ئۇچرىغاندا قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بار دېيىلگەن. يەنى ب د ت نىڭ 1514-نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن بىز خىتايدىن ئايرىلىپ ئۆز دۆلىتىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشىمىز ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن تەشكىللىنىپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. (داۋامى بار)

ماقالەمنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمدە تەشكىللىنىش ھەققىدە مەخسۇس توختىلىمەن.

مىللىي مۇستەقىللىق ئۇيغۇرلاردىن قانچىلىك ئۇزاقتا؟

2.ئورتاق نىشان ئۈچۈن تەشكىللىنىشنىڭ رولى

ئاسىيە ئۇيغۇر

ماقالەمنىڭ ئالدىنقى بۆلۈكىدە بىزدە مۇستەقىللىق شەرتلىرىنىڭ ئاللىبۇرۇن ھازىرلانغانلىقى ۋە ب د ت نىڭ 1514-نومۇرلۇق ھۆججىتى ھەققىدە توختالغانىدىم. بۇ بۆلۈمدە ئورتاق نىشانىمىز ئۈچۈن تەشكىللىنىشىمىزنىڭ دەۋايىمىزغا ئېلىپ كېلىدىغان ئىجابىي تەسىرى ھەققىدە توختىلىمەن.

تەشكىل دېگەن سۆز خىتاي مۇستەملىكىسىدە ياشاپ باققان ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئانچە ناتونۇش سۆز بولمىسا كېرەك. چۈنكى خىتايلار ۋەتىنىمىزدە ھەممە ئىشتا تەشكىلنىڭ يول-يورۇقى بويىچە ئىش قىلىش، تەشكىلگە بويسۇنۇشنى تەكىتلىشەتتى. ئىدارە ئورگانلاردىمۇ تەشكىلىي تۈزۈم ۋە تەشكىلچانلىق كۆپرەك تەكىتلىنەتتى. ئۇنداقتا تەشكىللىنىش دېگەن زادى نىمە؟ تەشكىللىنىش دېگىنىمىز كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا كۆپ خىل ئامىللارنىڭ بەلگىلىك يۆنىلىش بويىچە سىستېمىلىق بىرىكىشى بولۇپ، ئېنىقراق ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ مەلۇم مەقسەت ۋە نىشانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش سەۋەب ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن بىر كوللېكتىپ ياكى گۇرۇھتۇر. مەسىلەن پارتىيە گۇرۇھلىرى، ئىشچىلار گۇرۇھى، كارخانا

گورۇھى، ھەربىي گورۇھلار دېگەندەك. دېمەك تەشكىللىنىشنىڭ مەقسىتى ئومۇمنىڭ مەلۇم ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن گورۇھلىشىش ئىكەن. ئۇنداقتا ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتە ئورتاق ئارزۇسى بارمۇ؟ ئەلۋەتتە بار، ئۇ بولسىمۇ ۋەتىنىنى خىتاي مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە مۇستەقىللىققە ئېرىشىش. ئۇنداقتا بىز مۇشۇ نىشان ئۈچۈن تەشكىللەنسەك بولامدۇ؟

ئەلۋەتتە بولىدۇ. يەنى ۋەتىنىمىز خىتاي مۇستەملىكىسىگە ئۆتكەندىن بۇيان دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەر خىل يوسۇندىكى تەشكىلاتلار ئارقا ئارقىدىن مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەتىنىنى مۇستەقىل قىلىشتىن ئىبارەت بىرلا نىشان ئۈچۈن توپلانغانلار ئىدى. لېكىن ئەپسۇسلىنارلىقى ماقالەمنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمدەك دەۋا ئىشلىرىمىزدا كىشىنى خۇشال قىلغۇدەك چوڭ نەتىجىلەر تېخى قولغا كەلتۈرۈلگىنى يوق. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەبلەر ھەققىدە مەن مۇنداق قارايمەن. يەنى دەۋا يولىدىكى بۇ تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ئاجىز، ئادەم كۈچى چەكلىك ۋە ئىش بېشىدىكىلەر ئايرىم جايلاردا تارقاق ئىش ئېلىپ بارىدىغان بولغاچقا ھەمدە دەۋا ئىشلىرى كۆپۈنچە كىشىلەرنىڭ ئۆز خىزمەت ۋە تۇرمۇشىدىن ئېشىنىپ قىلىدىغان ھەرىكەت بولغىنى سەۋەب چەكلىمىلەرگە ئۇچرىغان. گەرچە <بارىن ئىنقىلاۋى>دەك چوڭ ئىنقىلابلاردىن كېيىن چەتئەللەردە بىر قىسىم سىياسىي چولپانلار مەيدانغا كېلىپ، ئۇيغۇر دەۋاسىدا بىردىنلا جانلىنىش ھالىتى شەكىللەنگەن ۋە ئىقتىسادىي ياردەملەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ ئەمما مەشغۇلاتتىكى خاتالىق ياكى باشقا نۇرغۇن سەۋەبلەر تۈپەيلى بىر مەزگىللىك جانلىنىشتىن كېيىن چېكىنىش ياكى ئىزىدا توختاپ قېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەن. 2017- يىلىدىن باشلاپ ۋەتەن بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئۈزۈلۈپ تاشلىنىشى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زور تۈركۈمدە لاگېرلارغا قاملىشى قاتارلىق پەۋقۇلئاددە ئېغىر ۋەزىيەتنىڭ تەسىرىدىن دەۋا ئىشلىرى قايتىدىن جانلىنىشقا يۈزلەندى. ئەمما ئىنتايىن ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئومۇمىي خەلق دەۋاغا ئاۋاز قوشۇۋاتقان بۇ كۈنلەردە تەشكىلاتلاردىكى ئىناقسىزلىق ۋە دۈشمەنلىشىش ئەھۋالى خەلقنىڭ دەۋاغا بولغان قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىش بىلەن بىرگە ئەسلىدىمۇ پىسخىكىسىدا ئومۇميۈزلۈك مەسىلە كۆرۈلۈشكە باشلىغان بىرخەلقنىڭ روھىيىتىنى سۇندۇرىدىغان ۋە كەلگۈسىدىن ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان پاسسىپ ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. خاتالىق زادى كىمدە؟ تەشكىلاتتىمۇ؟ شەخسلەردىمۇ؟ خەلقلەردىمۇ؟ ياكى دەۋايىمىزنى قوللاۋاتقان دۆلەتلەردىمۇ؟

بۇ ھەقتە مېنىڭ قاراشلىرىم مۇنداق، يەنى سەۋەب ئالدى بىلەن ئۆزىمىزدە. بىز خاتالىققا يولۇققىنىمىزدا ئالدى بىلەن مەسىلىنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىمىزدىن ئىزدەپ بېقىشىمىز كېرەك. تەشكىلات رەھبەرلىرى بولسۇن ياكى ئەزالىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرى بولسۇن، دەۋايىمىزدا مەسىلە

كۆرۈلگەندە ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈپ بېقىشىمىز كېرەك. بىز زادى نېمىنى خاتا قىلدۇق؟

مەسىلىلەرگە بولغان قارىشىمىزدا، تەپەككۇر ئۇسۇلىمىزدا چاتاق كۆرۈلدىمۇ ياكى باشقا سەۋەبلەردىنمۇ؟

مەن بۇ خىلدىكى ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئامىلنىڭ سەۋەبىدىن دەپ ئويلايمەن. يەنى ،

1) ھەر قايسى تەشكىلاتلارنىڭ مۇستەقىل بىر گەۋدە شەكلىدە ئۆز ئالدىغا گۇرۇھ تەشكىللەپ، ئايرىم ئىش پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى. يەنى ئەڭ مۇھىمى ئىقتىسادىي بىرلىك، ئىش بىرلىكى بولماسلىقى؛
2) مەۋجۇت تەشكىلاتلارنىڭ بوسۇغىسى پەس، كىرمەك ئاسان بولۇشى سەۋەبلىك ھەرقانداق شەخسنىڭ ئەزا بولۇش ئىمكانىنىڭ يۇقىرىلىقى

تەشكىلاتلارنىڭ مۇستەقىل بىر بىرىدىن مۇستەسنا ھالدا ئايرىم ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشى ئەسلىدىمۇ ئادەم كۈچى ئانچە زور بولمىغان ئۇيغۇر دەۋاسىدا كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش دەۋا قىلىشقا قارىغاندا ئۈنۈمى ئانچە يۇقىرى بولمايدىغانلىقى ئېنىق. ئەگەر بۇ ئوخشىمىغان تەشكىلاتلار ئۆز دائىرىسىدە ئوخشىمىغان ئىش پائالىيەتلەرنى قىلسىمۇ ئەمما ئورتاق بىر گەۋدىگە جەملىنىپ، زەنجىرسىمان ئىشلەش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولسا تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈمى بولاتتى .
تەشكىلاتلارنىڭ بوسۇغىسىنىڭ پەس بولۇشى بۇ تەشكىلاتلارغا ھەرقانداق قاتلامدىكى ھەرقانداق ئىدىيىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەتتا خىتاي جاسۇسلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت ھازىرلىغان. يەنى بۇنداق ئەھۋالدا خىتاينىڭ جاسۇسلىرىمۇ خالىغان ۋاقىتتا خالىغان ئۇسۇلدا دەۋا سېپىغا سۇقۇنۇپ كىرەلىشى ۋە كىچىككىنە ئىختىلاپلارنى چوڭايتىپ، ئىناقسىزلىق پەيدا قىلىش ۋە ھەتتا تەشكىلاتنى پالەچ ھالەتكە ئەكېلىپ قويۇشتەك رولىنىمۇ ئويناپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى شۇنچە قۇدرەتلىك ئامېرىكىنىڭ ئىچكى قىسمىغىمۇ ئىشپىيونلىرىنى سېلىپ، جەمىيەت تەرتىپىنى قالايمىقان قىلالىغان خىتاي چەتئەلدىكى ئازغىنە ئۇيغۇرنىڭ ئارىسىدا پىتنە سېلىش ۋە دەۋا سېپىنى قالايمىقان قىلىش ھەتتا دەۋانى سۇغا چىلاشتۇرۇشنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ. ئۇنداقتا ئەھۋالىمىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغاندەك تەرتىپسىز، بوسۇغىسى تۆۋەن ۋە دۈشمەنىنىڭ پايدىلىنىپ كېتىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى ئەھۋالدا ئىكەن، بۇنداق ئەھۋالنى قانداق قىلغاندا ئۆزگەرتەلەيمىز؟ مەن بۇ ھەقتە بەك كۆپ ئىزدەندىم . دەۋاسىدا ئۇتۇق قازانغان ۋە قازىنىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق يولىدا ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى، قازانغان ئۇتۇقلىرى ھەققىدە كۆپ ماتېرىياللارنى كۆردۈم. شۇنى ھېس قىلدىمكى، سىياسىي دەۋادا ئۇتۇق قازانغانلاردىكى ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىك بولسا تەشكىللىنىپ ھەرىكەت قىلىش، ئورتاق نىشان تىكلەش ۋە ھەممىباپ يول تۇتۇش ئىكەن. بۇ ھەقتە مەن ئالدىنقى ماقالەمدە تىلغا ئالغان ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. يەنى ئامېرىكا دۆلەت بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئاۋۋال ئەنگلىيە مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى 13 ئۆلكە بولۇپ، چەكتىن ئاشقان باج ۋە سېلىقلارنىڭ سەۋەبى ئۇلار مۇستەقىللىق ئۇرۇشى يولىنى تاللىغان ۋە ئاقىۋەت ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان. غەلىبەدىن

كېيىن بۇ 13 ئۆلكىنىڭ كىشلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھەق ھوقۇقلىرىنى قوغداش يولىدا يەنىلا بىر ھۆكۈمەتكە ئېھتىياجى بارلىقنى ھېس قىلىشقان ۋە بۇ ھەقتە قاتتىق ئىزدەنگەن. ئاقىۋەتتە مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنى ۋە ئامېرىكىنىڭ ئاساسىي قانۇننى تۈزۈپ چىقىپ، ئامېرىكا دۆلىتىنى قۇرغان. ئۇلارنىڭ دۆلەت قۇرۇشقا تۈرتكە بولغىنى مۇستەملىكىلىكتىن قۇتۇلۇش بولغان بولسا، قۇدرەتلىك ئامېرىكا دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقالىشىدىكى سەۋەب تەشكىللىنىپ ئىش بىرلىكى ئېلىپ بېرىش ۋە ئىتتىپاقلىشىشنىڭ نەتىجىسىدىن ئېرىشكەن غەلبىسى سەۋەبلىك بولغان. دېمەك بىرلىكنىڭ ئۆزى كۈچ دېمەكتۇر. ھەممەيلەن <ئۇيغۇر خەلقى ئويغاندى> دېگەن سۆزلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرۈشمەيدۇ. توغرا ئويغاندۇق. ئەمما ئويغانغاندىن كېيىنكى بۇ كۈچنى بىرلىككە كەلتۈرىدىغان بىر سىستېما بولمىسا قايتا ئۇخلاپ قېلىش ھادىدىسى كۆرۈلۈشمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.

ئۇنداقتا قانداق تەشكىللىنىمىز؟

تەشكىللىنىشتىكى مەقسەت ئىتتىپاقلىشىش ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى غايەت زور كۈچ پەيدا قىلىش. ئۇنداقتا بۇنداق بىر كۈچنى قانداق شەكىللەندۈرىمىز؟

1) سىياسىي تەشكىللىنىش : بۇ دەل بۈگۈنكى تېمىنىڭ ئاساسلىق مەقسىدى بولۇپ، بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق بولغان بولغان يولدۇر! تەشكىللىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بارلىق تەشكىلاتلار ۋە تەشكىلات ئەزالىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، مۇھاجىرەتتىكى بارلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاۋاز قوشۇشى بىلەن ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانغا ۋەكىل بولۇپ خىتاي بىلەن ۋەتەن دەۋاسىنى دۇنيا سەھنىسىدە ئېلىپ بارالايدىغان بىر ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. بەلكىم بۇ سۆزۈمدىن نۇرغۇن كىشىلەر نۆۋەتتىكى مەۋجۇت تەشكىلاتلىرىمىزدىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە سۈرگۈندى ھۆكۈمەت.......لەر بار تۇرسا يەنە ھۆكۈمەت قۇرامدۇ؟ دەپ ئويلاپ قېلىشىڭلار مۇمكىن. ئەمما نۆۋەتتىكى ئەھۋالىمىزدا خەلقنى قايىل قىلىش ۋە پۈتۈن خەلقنىڭ دەۋا ئىشلىرىغا بىردەك ئاۋاز قوشۇشى، شۇنداقلا ئادىل ۋە كۈچلۈك بولغان ، خەلقنى ئىشەندۈرەلەيدىغان بۈيۈك بىر دەۋا قوشۇنى بولۇپ شەكىللىنىش ئۈچۈن يېڭى بىر ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. يەنى خەلقئارادا بىردەك ئېتىراپقا ئېرىشىش، ئىقتىسادىي ياردەملەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۇ ھۆكۈمەت خەلقئارانىڭ ۋە ئۇيغۇر خەلقنىڭ بىردەك قوللىشىغا ئېرىشكەن بولۇشى شەرت. ھۆكۈمەت بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن بىز ئاندىن خەلقئارادا خىتايغا قارشى بىر كۈچ سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنىمىز ۋە باشقا دۆلەت ۋە شەخسلەرنىڭ ھەمكارلىشىش، ياردەم بېرىش، قوللاش ئوبيېكتىغا ئايلىنالايمىز.

2) ھۆكۈمەت قۇرۇش تەرتىپى: ئىشلارنىڭ ئادىل بولۇشى ئۈچۈن ھۆكۈمەت قۇرۇش خىزمىتىگە بىزنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنىمىز ئاتالغان د ۇ ق بارچە تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرىنى بىر يەرگە چاقىرىپ سايلام ئېلىپ بېرىشى كېرەك. (بۇ يەردە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى بۇ ئىشقا باشلامچى بولۇش تەكلىپىنى بېرىشىم پەقەت دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خەلقئارا ئېتىراپ قىلىدىغان ئۇيغۇر دەۋاسىدىكى نوپۇزلۇق بىر ئورگان بولغانلىقى سەۋەبتىندۇر.)يەنى مۇھاجىرەتتىكى <ئۇيغۇر دەۋاسغا يېتەكچىلىق قىلىش ئىقتىدارىمىز بار> دەپ قارايدىغان بارلىق تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنىڭ

ھەممىسى بۇ سايلامغا قاتنىششقا تەكلىپ قىلىنىشى، بىرمۇ تەشكىلات ئايرىپ قويۇلماسلىقى، بىرمۇ شەخس سايلامنىڭ سىرتىدا قالماسلىقى كېرەك.

3) سايلامغا تەييارلىق قىلىش تەرتىپى: سايلامغا قاتناشماقچى بولغان بارلىق تەشكىلاتلار بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ خىتايغا قارشى پىلان لايىھەلىرىنى يازما ھالەتتە تۈزۈپ چىقىشى ۋە ئەركىن مېدىيالار ئارقىلىق خەلققە ئۆز پىلانلىرى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشى ۋە لايىق قوللاشلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىششى كېرەك.

4) سايلام ئۆتكۈزۈش تەرتىپى: ھەرقايىسى تەشكىلاتلار ئۆز پىلانلىرى بويىچە سوشيال مېدىيالاردا نۇتۇق سۆزلەش ۋە قوللاشقا ئېرىشىش باسقۇچىنى تاماملىغاندىن كېيىن سايلام دۇق نىڭ يېتەكچىلىكىدە چاقىرىلىشى كېرەك.

5) سايلام نازارىتى: سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى سايلامغا قاتنىشىدىغان ھەربىر تەشكىلاتنىڭ قوللىغۇچىلىرى بولغان خەلق ئىچىدىن ئىككى نەپەردىن سايلام نازارەتچىسى سايلاپ چىقىش، ئاندىن سايلاپ چىقىلغان بۇ نازارەتچىلەردىن تەشكىللەنگەن سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇش.

6) سايلام نەتىجىسى: بىر نەپەر خەلق سايلىغان پرېزىدېنت، مەتبۇئات باياناتچىسى، تاشقىي ئىشلار مىنىستېرى دېگەنگە ئوخشاش رەھبەرلىك قاتلىمى سايلاپ چىقىلىشى كېرەك. بۇلاردىن باشقا ئىچكى كابىنېت ۋە كابىنېت ئەزالىرى سايلىنىشى ۋە كاتىپ بۆلۈمى، ھېساۋات بۆلۈمى تەسىس قىلىنىشى كېرەك. سايلام تەرتىپى،سايلام ئۆتكۈزۈش مۇددىتى ، شەرتلىرى، قاتناشقۇچىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ نىزامنامىسى.....ۋەھاكازالار ئېلان قىلىنىشى لازىم.

7) يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپىسى: مەيلى قايسى تەشكىلات بۇ سايلامدا ئۇتۇپ چىقسۇن باشقا تەشكىلاتلار ۋە بارچە خەلق سايلامدا ئۇتۇپ چىققان تەشكىلات ئاساسىدا شەكىللەنگەن يېڭى ھۆكۈمەتكە ئەگىششى كېرەك. يېڭى ھۆكۈمەتمۇ ئەگەر ۋەتەن مۇستەقىللىقى قولغا كېلىش پۇرستى يېتىلسە دۇنيا ئېتىراپ قىلىدىغان قانۇنلۇق ھۆكۈمەت سۈپىتىدە دۆلىتىمىزنى ئۆتكۈزىۋېلىشقا ھوقۇلۇق بىر ھۆكۈمەت بولۇش شەرتىنى ھازىرلىشى كېرەك. يېڭى ھۆكۈمەت ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىردىنبىر قانۇنلۇق ھۆكۈمىتى سۈپىتىدە بارلىق دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك ئالاقە باغلىشى ھەمدە يېڭى ھۆكۈمىتىمىزنى خەلقئارادا بىردەك قوللاشقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىششى كېرەك.

خاتىمە:

زۇلۇم چەكتىن ئاشقان ئەمما بىزدە زۇلۇمغا قارشى بىرلىكسەپ ھاسىل قىلىنمىغان بۇ پەيتتە، ھۆكۈمەت قۇرۇش ۋە دېمۇكراتىك ئۇسۇلدا سايلام ئېلىپ بېرىش نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىدۇر. ۋەتەننى ئازاد قىلىش ۋە ئەركىنلىك، مۇستەقىللىققە ئېرىشىش، شۇنداقلا

دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشاش نورمال بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ۋە خەلقىمىزنى ئۆز زېمىندا ئۆزى خالىغان شەكىلدە ئەركىن ۋە باراۋەر، باياشات ۋە بەختلىك ھاياتقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن مۇقەررەر ھالدا دۇنيادىكى زور كۆپ سانلىق دۆلەتلەر تۇتقان يولدا شۇلار بىلەن ئوخشاش يۆنىلىشتە مېڭىشىمىز كېرەك. يەنى دىن بىلەن سىياسەتنى پۈتۈنلەي ئايرىشىمىز كېرەك. بۇ دېگەنلىك دىنىي ئېتىقادىمىزدىن ۋاز كېچىش دېگەنلىك ئەمەس بەلكى دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش ئاساسىدا دىنىي ئەركىنلىككە ھۆرمەت قىلىش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە ئۆزىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ھۆرلۈككە چىققان ھالەتتە ئۇ زېمىندا نەچچە ئەۋلات ياشاپ كەلگەن خىتاي پۇقرالىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ياكى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. بۇ مەيلى بىز قوبۇل قىلايلى ياكى قىلمايلى ھامان بىز يۈزلەنمىسەك بولمايدىغان ئاچچىق رېئاللىق. چۈنكى ھەر ئىككى ئۇسۇل خەلقئارا نىزاملارغا خىلاپ قىلمىشتۇر. ناۋادا تەلىيىمىز ئوڭدىن كېلىپ خىتايلار ۋەتىنىمىزنى تاشلاپ بېرىپ ھەممىسى چىقىپ كەتكەندىمۇ خىتايدىن ئۆيلەنگەن يەنە بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار ۋە بىز بىلەن شۇ زېمىننىڭ تارىخىغا ئورتاق شاھىد بولۇپ ياشاپ كەلگەن باشقا قېرىنداش مىللەتلەرمۇ شۇ زېمىندا داۋاملىق ياششى ۋە ئۇلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىمۇ قوغدىلىشى، ئۇلارنىڭ قاراشلىرىغىمۇ ھۆرمەت قىلىنىشى كېرەك. سىياسىي تۈزۈلمىمىز دۆلەت ئەھۋالىمىزغا ئۇيغۇن بولۇشى بىلەن بىرگە ھەممە ئورتاق قوبۇل قىلىشى كېرەك. يېڭى قۇرۇلغان دۆلەت بولۇش سۈپىتىمىزدە قوشنا ئەللەر بىلەن دوستانە ئۆتەلەيدىغان، باشقىلارغا خەتەر تەھدىتى پەيدا قىلمايدىغان، ئۆزىمىزگىمۇ ۋە باشقىلارغىمۇ خاتىرجەملىك بېرەلەيدىغان تۈزۈم يەنىلا دۇنيا ئېتىراپ قىلغان دېموكراتىك تۈزۈمدۇر. دۆلەت بولۇپ قۇرۇلۇش بىزنىڭلا رايىمىز بىلەن روياپقا چىقمايدىغانلىقنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. مۇستەقىل دۆلىتىمىزنى قايتۇرۇپ ئېلىش دەۋاسىنى قىلىۋاتقىنىمىزدا بىزنىڭ دەۋايىمىزنى قوللايدىغان ۋە بىزنى ئېتىراپ قىلىدىغان دۆلەتلەرمۇ بولۇشى كېرەك. ئەگەر قوللاشقا ۋە ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشەلمەيدىكەنمىز دۆلەت قۇرۇش بىر چۈش بولۇپ قېلىشى ئېھتىمال ئەلۋەتتە.

ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق دۆلەت قۇرۇش تەجرىبىمىزدىن مەلۇم بولدىكى دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئۆز خەلقىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولغان بىر دۆلەت قۇرۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى دۇنيا قوبۇل قىلىدىغان ۋە باشقىلارغا قورقۇنچ، ئەندىشە ئېلىپ كەلمەيدىغان، ھەممىباپ بىر تۈزۈمدىكى دۆلەت بولۇشىمىز كېرەك. يەنە كونا سەنەم بويىچە ياكى پانئىسلام ياكى پانتۈركىزمنى مىللىي مەنپەئەتىمىزنىڭ ئۈستىگە قويىدىكەنمىز تارىخ يەنە تەكرارلىنىشى مۇمكىن. چۈنكى ھېچكىم دۇنياغا تەھدىت بولۇش ئېھتىماللىقى بولغان بىر دۆلەتنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى خالىمايدۇ!

ئىسلامدا جاھات ئۇقۇمى

ھېپتاخۇن مەتىمىن

ئىسلامىي ئاتالغۇلار ئىچىدە جىھاد سۆزىنى كۆپ ئاڭلاپ تۇرىمىز. بىز جىھاد سۆزىنىڭ قانداق مەنالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، دىنىمىزدىكى ئورنىنى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى قانداقراق چۈشەندۇق؟
دەۋرىمىزدىلا ئەمەس ھەتتا ئوتتۇرا ئەسىرلەردىمۇ كۆپ سۇيىئىستىمال قىلىنغان جىھاد ئۇقۇمى ئۈستىدە توختىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ لوغەت مەنىسىدىن گەپ باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

جىھاد ئەرەپ تىلىدىن كەلگەن سۆز بولۇپ، لوغەت مەنىسى- جاپا چېكىش، ئېنىرگىيە كۈچ سەرىپ قىلىش، تىرىشىش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ شەرئى مەنىسى بولسا ئاللاھ يولىدا كۆرەش قىلىش، ئۇنىڭ دىنىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش، ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ئىستىدات ۋە قابىلىيىتىگە يارىشا پۇل-مېلىنى، ۋاقتىنى سەرىپ قىلىشى، ھەتتا يولى كەلگەندە جېنىنى قۇربان قىلىشى، يەر-يۈزىدە ئاللاھنىڭ تەلىماتلىرىغا مۇناسىپ ھايات كەچۈرىدىغانلارغا توسقۇنلۇق قىلغۇچىلارنىڭ ئالدىدىكى توسالغۇلارنى يوق قىلىشقا غەيرەت كۆرسىتىش، ئەزگۈچى بۇرژۇئا سىنىپلارنىڭ زۇلۇم ئىستىلالىرىغا خاتىمە بىرىش، زېمىندا تىنچلىق بەرپە قىلىش، ئادالەتنى يۈرگۈزۈش دىمەكتۇر

ئەرەپ تىلى ئىزاھلىق لوغەتلىرىدىنمۇ ئۇچرىتىشقا بولىغىنىدەك جەھد – جىھاد (ئۇيغۇر تىلىمىزدا جاھات دەپ ئۇمۇملاشقان)كۈچ سەرىپ قىلىش، تىركىشىش، تىرىشچانلىق كۆرستىش،كۆرەش قىلىش دېگەندەك ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدۇ. دىنى ئاتالغۇ نوقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا «الجهاد فى سبيل الله» (ئاللاھ يولىدا جىھات قىلىش) بولسا ئاللاھ يولىدا ،ئاللاھنىڭ خۇرسەنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈ كۈچ سەرىپ قىلىش،تىركىشىش، ،ئۇرۇنۇش،تىرىشچانلىق كۆرستىش ۋە كۆرەش قىلىش دېگەن مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيدۇ.

قۇرئان كەرىمدە جىھات سۆزى تۈردەشلىرى - ۋارىيانتلىرى بىلەن قوشقاندا 41ئورۇندا،ئۇرۇش قىلىش مەنىسىدىكى ھەرب سۆزى 11 ئورۇندا،قىتال سۆزى 13 ئورۇندا ۋە قارمۇ – قارشى ئۇرۇشۇش مەنىسىدىكى مۇقاتەلە ئىبارىسى ۋايانتلىرى بىلەن قوشقاندا 57 يەردە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەپلىرى ۋە ئەينى چاغدىكى ۋەقە- ھادىسىلەرگە بولغان قاراتمىلىقى ئاساسىدا ئۆزگىچە ئۇقۇملاردا ئىشلىتىلگەن.

مەككە مۇشرىكلىرىغا قارشى قولغا قورال ئېلىپ ئۇرۇش قىلىش رۇخسەت قىلىنىشتىن بۇرۇن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام تېخى مەككىدىكى چاغدا نازىل بولغان ئايەتلەردىمۇ جاھات قىلىشقا ئۈندىگەن بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى،جاھات پەقەتلا دۈشمەنگە قارشى قولغا قورال ئېلىپ ئۇرۇش قىلىش ئەمەس بەلكى كەڭ دائىرلىك مەنىنى ئىپادىلەپ، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئوخشىمىغان ۋاستىلار ئارقىلىق كۆرەش قىلىش، ئىلايى كەلىمەتۇللاھ ئۈچۈن جېنى، مېلى ۋە بارلىقىنى بېغىشلاپ، ھەرقانداق جاپانى چېكىش،تىرىشچانلىق كۆرستىش ئۇنىڭ ئالقىشى ئۈچۈنلا ھەقىقەت يولىدا كۆرەش قىلىش دېمەكتۇر.

هايات بىر خىل ھەركەتتۇر. جىھاد بولسا ئاللاھ يولىدىكى ھەر تۈرلۈك پائالىيە ۋە ھەركەتنىڭ ئومۇمى نامىدۇر. بۇ ھەركەتلەرنىڭ ئىچىدە ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى جەڭ مەيدانلىرىدا قولىغا قۇرال ئېلىپ، ئۆلسەم شېھىت، قالسام غازى دىگەننى كۆڭلىگە پۈككەن ھالدا دادىللىق بىلەن قەيسىرانە ئۇرۇش قىلىشمۇ جىھاتنىڭ مۇھىم بىر قىسمىدۇر ئەلۋەتتە.

جىھات- ئاللاھ يولىدا كۆرەش قىلىش،ئۇرۇنۇش،تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، زالىمغا قارشى تۇرۇش ، ئاجىز ۋە بىچارە ئاممىنى بۆزەك قىلغان مۇستەبىتلەرنىڭ ھەددىدىن ئاشقان قىلمىشلىرىنى تارمار قىلىش، بىز ياشاۋاتقان يەر شارى ۋە كائىناتنىڭ ئىگىسى ئاللاھ تائالانىڭ تەلىۋى بولغان ئادالەتنى جارى قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ يولىدا جېنى، مېلى ۋە بارلىقنى بېغىشلاپ پىداكارلىق كۆرسىتىشتۇر، ئاللاھنىڭ ۋەھيى ۋە كۆرسەتمىلىرىگە زىت ھەرقانداق كۈچ ۋە ھەرقانداق قانۇن-تۈزۈملەرنىڭ،ئەزگۈچى كۈچلەرنىڭ ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشتىن مەنئى قىلىشىغا قەتئى قارشى تۇرۇپ ئۇنى تارمار قىلىپ تاشلاشتۇر جىھات. كائىناتتا ۋە جۈملىدىن يەر يۈزىدە يىگانە ھالداھاكىم مۇتلەقلىق ھوقۇقتا ئىگە ئاللاھنىڭ ھۆر بەندىلىرىنى ئۆزلىرىگە قۇل، مالاي قىلىشقا ئۇرۇنغان مۇستەبىت تۈزۈم-تاغۇتلارغا خاتىمە بېرىپ، يەر يۈزىدە ئادالەتنى تىكلەش، باتىلغا بار كۈچى بىلەن قارشى تۇرۇپ، ھەقىقەتنى قوللاشتۇر جىھات، قىسقىسى ئادالەتنىڭ مەنبەسى بولغان قۇرئانغا زىچ ئۇيۇشۇپ جىمي پەيغەمبەرلەنىڭ ئىزىغا ۋارىسلىق قىلىشتۇر جىھات،چوڭ مەنىدىن ئېيتقاندا جىھات ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلغان ئيمان – ئېتىقاتتقا دەخلى – تەرۈز قىلىدىغان ھەرقانداق تۇسالغۇنى يوق قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش دەپ تەرىپلىسەك تولۇق ئېنىقلىما بەرگەن بولىمىز جىھات ئۈچۈن.

دۇنيا نېمىشقا ئاجىزلار يولۇققان ئادالەتسىزلىك ۋە زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىدۇ؟

دوكتۇر ئەركىن سىدىق

2009-يىلى تومۇزدا ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ چوڭ سۈيىقەست ۋەقەسىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن زۇلۇم كۆنسايىن ئېغىرلىشىپ ماڭدى. شۇ ۋەقەدىن كېيىن مەن ۋەتەندىكى بەزى قېرىنداشلار ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئېغىر خەتەر ئىچىدە ئىكەنلىكىگە قارىماي، ئۆزلىرى كۆرگەن ياكى ئۆز باشلىرىدىن ئۆتكۈزگەن ئۇيغۇرلارغا سېلىنغان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان زۇلۇملاردىن چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇردۇم. مېنىڭچە ۋەتەندىكى ئاشۇ قېرىنداشلارنىڭ ھېلىقىدەك ئىنتايىن خەتەرلىك ئىشلارنى قىلىشىدىكى تۈپ سەۋەب، ئۇلارنىڭ «ئەگەر بۇ ئىشلارنى ب د ت ۋە ئامېرىكا قاتارلىق غەرب ئەللىرى بىلسە، ئۇلار خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، بىزنى ھازىرقى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرىدۇ»، دەپ ئويلىغانلىقى. ئەمما، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى بىلىدىغىنىدەك، دۇنيادا ئۇيغۇرلارنى ھازىرقى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويىدىغان بىرەر تەشكىلات ياكى بىرەر دۆلەت يوق. شۇڭلاشقا مەن ھەر قېتىم ۋەتەندىكى قېرىنداشلارنىڭ قەھرىمانلىقى ھەققىدىكى يۇقىرىقىدەك خەۋەرلەرنى ئاڭلىغىنىمدا ئىچىم سىيرىلىپ كېتىدۇ. ھەمدە كاللامغا «دۇنيا نېمىشقا بىزدەك ئاجىز مىللەتلەر يولۇققان ئادالەتسىزلىك ۋە زۇلۇملارغا سۈكۈت قىلىدۇ؟ دۇنيا نېمىشقا بىرەر چارە كۆرمەيدۇ؟»، دېگەن سوئال كېلىدۇ. مەن بۇ سوئالغا نەزەرىيە جەھەتتىن ئىلمىي جاۋاب تېپىشقا تىرىشتىم، ھەمدە بەزى نەتىجىلەرگە ئېرىشتىم. مەزكۇر يازمىدا مەن ئۆزۈم بايقىغان ئاشۇ جاۋابلارنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

«كۈچلۈك ئەللەر سىياستى نەزەرىيەسى» بويىچە قارىغاندا، ئوخشىمىغان ئەللەر خەلقئارا سىياسىيسىدا بىر سەنئەت نومۇرىدا مۇھىم رول ئالىدىغان ئوخشىمىغان ئارتىسلارغا ئوخشاش بولۇپ، ئاشۇ ئەللەردىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان باشقا بىر نوپۇزلۇق نەرسە مەۋجۇت بولمايدۇ. خەلقئارالىق مۇناسىۋەت ساھەسىدە بۇ «رەتسىزلىك» (anarchy) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ھەر قايسى ئەللەر خالىغانچە ئادەم ئۆلتۈرۈپ، قالايمىقانچىلىق چىقارسا بولۇۋېرىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. بەلكى ئۇ «مەرتىۋە تۈزۈمى» ياكى «ھوقۇق تۈزۈمى»

(hierarchy) نىڭ ئەكسىنى بىلدۈرىدۇ. ھەر خىل دۆلەتلەر ئۈستىدە تۇرىدىغان بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ھوقۇق ئورگىنى مەۋجۇت ئەمەس، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئوخشىمىغان ئەللەر بىر بىليارت ئۈستىلى ئۈستىدىكى توپلارغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئۆز-ئارا ئوخشىمايدۇ، ئەمما، ھوقۇق جەھەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى باراۋەر ئورۇندا بولۇپ، ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر تېخىمۇ نوپۇزلۇق نەرسە بولمايدۇ.

ئەگەر سىز ئامېرىكىدا بولۇپ، بىرەر جىددىي ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ قالدىكەنسىز، 911 نومۇرغا تېلېفون قىلىپ، دەرھال قۇتقۇزىلىنىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايسىز. ئەمما، خەلقئارا سىستېمىدا ئەگەر سىز 911 نومۇرغا تېلېفون قىلسىڭىز، تېلېفوننىڭ قارشى تەرىپىدە سىزگە ھېچ كىم جاۋاب بەرمەيدۇ. سىزنى قۇتقۇزۇۋالىدىغان ھېچ قانداق ئورۇن چىقمايدۇ. ھەممە ئەللەر باراۋەر بولۇپ، نوپۇزدا بارلىق ئەللەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىرەر ئورگان مەۋجۇت ئەمەس. ۋەتەندىكى خەلقىمىز يولۇققان ئەھۋال ئەنە شۇ: ئۇلار ئېغىر خەتەر ئاستىدا بولسىمۇ چەت ئەلگە تېلېفون قىلىپ، ئۆزلىرى يولۇققان زۇلۇمنى سىرتقا ئاڭلىتىپ كەلدى، ئەمما سىرتتىن ئۇلارغا ھېچ قانداق ياردەم كەلمىدى.

دۇنيا ئادالەتسىزلىك ۋە زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىشتا يالغۇز ئۇيغۇرلارغىلا شۇنداق قىلىۋاتقىنى يوق. ماۋ زېدۇڭ دەۋرىدە خىتايدا 3 يىل ئاچارچىلىق بولۇپ، 30 مىليوندەك كىشى ئۆلۈپ كەتكەندىمۇ دۇنيا خىتاي ھاكىمىيىتىنى ئەيىبلىمەي، سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرغان. گىتلېر 1939-يىلى پولشانى تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ گېرمانىيە ئىچىدىكى يەھۇدىيلار ئۈستىدىن قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقىنىغا 6 يىل بولغان. شۇ ۋاقىتتىمۇ دۇنيا گىتلېرنى ئەيىبلەپ، ئۇنىڭغا قاتتىق بېسىم ئىشلەتمىگەن. بۇنداق ئىشلاردا دۇنيادىكى ئەللەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ يول تۇتىدۇ. ئەگەر ئۇلار دۇنيانىڭ مەلۇم بىر رايوندىكى ئادالەتسىزلىك، زۇلۇم ۋە ئىنسانلار ئۈستىدىن ئۆتكۈزگەن جىنايەتلەرنى ئېتىراپ قىلىدىكەن، ئۇ ئەللەر ئاشۇ ئىشلارغا قارىتا مۇناسىپ ھالدا چارە كۆرۈشكە مەجبۇرىي بولىدۇ. چەت ئەللەرنىڭ ھازىرچە ئۇيغۇر مەسىلىسىگە قارىتا بىرەر چارە قوللانغۇسى يوق، شۇڭلاشقا ئۇلار ھازىر ئۇيغۇر مەسىلىسىنى كۆرمەسلىككە سېلىۋاتىدۇ.

بەزىدە بەزى ئەللەر ئادالەتسىزلىك ۋە ئىنسانلار ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلگەن جىنايەتلەرگە قارىتا بەزى تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ. يەنى، بەزى دۆلەتلەرنىڭ قانۇن ئورگانلىرى باشقۇرىدىغان پارلامېنتلىرى بەزى خەلقئارالىق ئىشلاردا ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمىتىدەك مەنپەئەتپەرەس بولۇپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكا پارلامېنتى 2016-يىلى ھېچ قانداق قارشىلىق بىلەت يوق ھالەتتە 343-نومۇرلۇق قانۇن لايىھىسىنى ماقۇللاپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ فالۇنگۇڭچىلارنىڭ

ئېچكى ئەزالىرىنى خالىغانچە ئېلىپ سېتىش ئىشنى توستى [3]. ياۋروپا پارلامېنتىمۇ 2013-يىلى ئامېرىكىنىڭ بىلەن ئوخششىپ كېتىدىغان قانۇندىن بىرنى چىقىرىپ، فالۇنگۇڭچىلارنى ئاساس قىلغان خىتاي پۇقرالىرىنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى ئېلىپ سېتىشنى توختىتىپ، تۈرمىگە سولانغان فالۇنگۇڭچىلارنى دەرھال قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. تەيۋەن ۋە ئىسرائىلىيەمۇ ئۆز گىراژدانلىرىنىڭ خىتايغا بېرىپ، ئىچكى ئەزالىرىنى ئالماشتۇرۇشنى چەكلىدى.

ئەمما، ھازىرقى دۇنيا بىر دۆلەتتىكى مەلۇم بىر جىنايى ئىشنى بايقىغان ھامان ھەممەيلەن قوزغىلىپ ئۇنىڭغا قارشى چىقىدىغان دۇنيا ئەمەس. دۇنيانىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن سىز قاتمۇ-قات توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە، ۋە نەچچە يىل ھەتتا نەچچە ئون يىل بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بەزىدە ھەتتا بىر ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ توختاۋسىز كۈرەش قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ.

يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، سىز يولۇققان ئادالەتسىزلىك ۋە زۇلۇم قانچە ئېغىر بولغانسېرى، باشقىلارنى ئۇنىڭلۇك قايىل قىلىش ئۈچۈن، سىز توپلىغان ئۇچۇرلار شۇنچە كۆپ ۋە شۇنچە راست بولۇشى كېرەك. يەنى، باشقىلارنى ھەرگىزمۇ قۇرۇق گەپ بىلەن قايىل قىلغىلى بولمايدۇ. سىزدە چوقۇم يېتەرلىك مىقداردىكى ئەمەلىي پاكىتلار بار بولۇشى كېرەك. مېدىيالار پاكىتتىن بىرنى تاپسا سىرتقا پەقەت شۇ پاكىتنىلا ئاڭلىتىدۇ. سىز ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسە گېپىڭىزنىڭ قايىل قىلىش كۈچى، ھەرگىزمۇ گېپىڭىزنىڭ قانچىلىك يوللۇق بولۇشى ئەمەس. بەزىلەر گەپ ئويىنتىش ئارقىلىق باشقىلارنى قايىل قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقىدۇ، ئەمما ئۇنداق تاكتىكا خەلقئارا سىياسەتتە ئاساسەن ئۈنۈم بەرمەيدۇ. ئۇنداق تاكتىكا ھېچ بىر تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ئامېرىكا بىلەن ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ خىتايدىكى ئادەملەرنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى مەجبۇرىي ۋە قانۇنسىز ھالدا ئېلىپ سېتىش ئىشلىرىنى توسۇش ئۈچۈن قانۇن چىقىرىشقا تۈرتكە بولغان ئاساسلىق نەرسە فالۇنگۇڭچىلار تەمىنلىگەن ئىسپاتلار بولۇپ، چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرىگە تەمىنلەنگەن بۇ جەھەتتىكى پاكىتلار ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن، 2009-يىلى «قانلىق ھوسۇل» ناملىق [4] ۋە 2014-يىلى «قاسساپ» ناملىق [5] ئىنگلىزچە كىتابلار نەشر قىلىپ تارقىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا خىتايدىكى فالۇنگۇڭچىلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىي ۋە قانۇنسىز ھالدا ئېلىۋېلىنىش ئەھۋاللىرىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان پاكىتلار بايان قىلىنغان. ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن زۇلۇمنىڭ ئەمەلىي پاكىتلىرىنى بايان قىلىدىغان ئىنگلىزچە ماتېرىياللار ھازىر ئاساسەن مەۋجۇت ئەمەس.

مەنمۇ بىلمەن، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ۋەتەندىكى ھەقىقىي ئەھۋال ھەققىدىكى تەپسىلىي مەلۇماتلارنى ۋە ئەمەلىي پاكىتلارنى سىرتقا ئېلىپ چىقىش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، ھازىرقى

ۋاقىتتا ئۇنداق قىلىش ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس، دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بۇ يازمىنىڭ مەقسىتى بىز ھازىر دۇچ كەلگەن بىر چوڭ مەسىلىنى ئىلمىي نەزەرىيە نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈپ بېرىش بولۇپ، ئۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئەمەس. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، بىز ئۈچۈن ھازىر ئۇنداق بىر ئاسان چارە مەۋجۇت ئەمەس.

مەن يۇقىرىدا «كۈچلۈك ئەللەر سىياسىي نەزەرىيەسى» گە ئائىت مەزمۇندا سۆزلەپ ئۆتكىنىمدەك، دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ھوقۇق دەرىجىسى جەھەتتە ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، ئامېرىكا، ياۋروپا بىرلىكى ۋە ب د ت قاتارلىقلارنىڭ قارارلىرىنىڭ رەسمىي قانۇنىي نوپۇزى يوق. يەنى، باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، ئۇلار چىقارغان فالۇنگۇڭچىلارنى ئاساس قىلغان خىتاي پۇقرالىرىنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى قانۇنسىز ھالدا مەجبۇرىي ئېلىپ سېتىشنى توختىتىش ھەققىدىكى قانۇنلار خىتاي ھۆكۈمىتىدە ھېچ قانداق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالمىدى. خىتاي دۆلىتىدىكى بۇنداق جىنايى ئىشلار ئازلاش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، يېقىنقى بىر قىسىم مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ئۇنداق ئىشلار تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ مېڭىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ئىچكى ئەزالىرى ئېلىنىش بۇرۇن فالۇنگۇڭچىلارنى ئاساس قىلغان بولسا، ھازىر ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلىۋاتقانلىقى پەرەز قىلىنىۋاتىدۇ. ئىسرائىلىيەمۇ پەلەستىن مەسىلىسىدە دۇنيا قانۇن چىقىرىپ ئەڭ كۆپ ئەيىبلىگەن بىر دۆلەت بولۇپ، مېنىڭ بىلىشىمچە ئىسرائىلىيە ئاشۇنداق قانۇنلارنىمۇ ئەڭ كۆپ دەپسەندە قىلغان دۆلەت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ب د ت قاتارلىق ئورۇنلار چىقارغان قانۇنلارنىڭ ھەممىسى ئىسرائىلىيەنى مېڭىۋاتقان جىنايى يوللىرىدىن توسۇپ قالالمىدى.


BLOODY HARVEST
The killing of Falun Gong for their organs
David Matas and David Kilgour



بىرىنچى-رەسىم: «قانلىق ھوسۇل» ۋە «قاسساپ» ناملىق كىتاب مۇقاۋىسىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى

قىسقىسى، بىز ئۇيغۇرلارنى دۇنيا ھازىر ئاساسەن ئۆزىمىزگە تاشلاپ قويىدى. بىزنى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز ۋە تۈركىي قېرىنداشلىرىمىزمۇ ئاساسەن ئۆزىمىزگە تاشلاپ قويىدى. مەن ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن زۇلۇمنى ئازايتىش يولىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان بارلىق قېرىنداشلارنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئىنتايىن مىننەتدار بولۇپ، چەت ئەلدىكى بارلىق ۋەتەنداشلارنىڭ ئاشۇنداق بولۇشىنى، ئۇلارنىڭ ياخشىلىقتىن خۇشال بولىدىغان، ياخشىلىق قىلغانلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىغان، يامانلىققا نەپرەتلىنىدىغان، ۋە زۇلۇم سالغانلارغا قارشىلىق كۆرسىتىدىغان نورمال ئىنسانلاردىن بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈمىدىنىڭ ھەممىسىنى بىرەر چەت ئەل ھۆكۈمىتى ياكى بىرەر خەلقئارالىق تەشكىلات چىقىرىش ئېھتىمالى بار بولغان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى قانۇنغا باغلاپ قويماسلىقنى

ئۈمىد قىلىمەن. ئاشۇنداق قانۇن ۋۇجۇدقا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ھازىر ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن ئېغىر مەسىلىنى تولۇق ھەل قىلىپ بېرەلىشى، ياكى بىز ئۈمىد قىلغاندەك دەرىجىدە ھەل قىلىپ بېرەلىشى ناتايىن.

مىللەتنى ساقلاپ قېلىش بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ جىددىي ۋەزىپە. بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئاساسەن بىزنىڭ ئۆز زىممىمىزدە. بۇ ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇنلاش ئۈچۈن، بىز ھازىردىن باشلاپ پەرزەنتلىرىمىزنى ھازىرقى زامان پەننىي مەكتەپلەردە ياخشى ئوقۇتۇشىمىز، ئۆزلىرىمىزمۇ ھەر خىل زامانىۋى كەسىپلەردە كەسىپ ئەھلى بولۇپ چىقىشىمىز، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن مىللەتنىڭ ئەقلىي كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. مانا بۇ مەن يېقىندىن بۇيان قاتتىق ۋە قايتا-قايتا تەكىتلەپ كېلىۋاتقان ئەڭ مۇھىم نۇقتا بولۇپ، مېنىڭ نېمىشقا ئاشۇ نۇقتىنى تەكىتلەيدىغىنىم مەزكۇر يازمام ئارقىلىق ئازراق ئايدىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

[1] ئەركىن سىدىق: «جۇڭگو نېمىشقا تىنچ يول بىلەن تەرەققىي قىلالمايدۇ؟»

（年前风骤起，19年后叩人心!（20180720第406期19 [2]

t=1014s&https://www.youtube.com/watch?v=UefWtTqAH_M

[3] https://www.congress.gov/bill/114th-congress/house-resolution/343/text

David Kilgour, Bloody Harvest: Organ and David Matas [4]
Harvesting of Falun Gong Practitioners in China

Ethan Gutmann, The Slaughter: Mass Killings, Organ Harvesting, [5]
and China’s Secret Solution to Its Dissident Problem